# دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال

ئاپتورى: ئائىز قەرنىي (سەئۇدىي ئەرەبىستان)

تەرجىمە قىلغۇچى: م. ئاتاۋۇللا

# كىرىش سۆز

بۈگۈنكى كۈندە روھىيەت ئىلمى (پسىخولوگىيە) تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات سەمەرىلىرى تىببىي ساھەدە كەڭ قوللىنىلماقتا. نەتىجىدە، ماددىي دورىلار بىلەن ساقايتىش تەس بولغان تۈرلۈك روھىي كېسەللىكلەر پسىخىكىلىق داۋالاش ئارقىلىق ساقايماقتا.

بىزنىڭچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى روھىيەت ئۇستازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدە يۈز بەرگەن روھىي مەسىلىلەر ۋە روھىي كېسەللىكلەرگە قارىتا ئۈنۈملۈك دورا بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېزىپ بەرگەن بۇ رېتسىپلار ھېلىمۇ شۇ پېتى مەۋجۇت.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان قەۋم. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر تامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىسلام لىباسىنى كىيگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىستىمالىدىمۇ كۈچلۈك ئىسلام پۇرىقى بار. تەپەككۇرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىسلام كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بىر خەلق روھىي جەھەتتىنمۇ ئىسلام تۈيغۇسىغا تويۇنغان بولىدۇ، ئەلبەتتە.

يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە، دىيارىمىزدا روھىيەت ساھەسىگە بېغىشلانغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە كەلمەكتە. ھالبۇكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ياتئەل ۋە يات ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى ئالىملار تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلغان بولغاچقا، پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي، خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش

ئادىتىگە كۆرە قوۋۇشالماسلىق ھادىسىلىرى مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدىكى بۇ ساھەگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادىي ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەسەرلەرنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى تونۇپ يەتكىنىمدىن بۇيان، بۇ ساھەدە ئىزدىنىش ئىستىكى ماڭا ھەمرا ئىدى. ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تا بۈگۈنگىچە بىرەر سەمەرىلىك خىزمەتنى روياپقا چىقىرالماي كەلدىم. سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقى ۋە شارائىتىم يار بەرمىگەنلىكتىن چوڭراق ھەجىمدىكى ئىجادىي ئەسەرگە تۇتۇش قىلالمىدىم. ئۆزۈم قىلالمىغانلىقتىن باشقىلار قىلغاننى بولسىمۇ تونۇشتۇرۇپ تۇراي دېگەن مەقسەتتە ئۇشبۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدىم. مانا ئەمدى ئاددىي بولسىمۇ، ئون نەچچە يىللىق ئىلىم يولىدىكى جاپالىق رىيازەتلىرىمنىڭ تۇنجى سەمەرىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە بۇ كىتابنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنماقتىمەن. خالىس دۇئالىرىڭلاردا كەمىنىنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، ئىلمىنىڭ زىيادە، ئىشلىرىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ قويغايسىلەر!

گەرچە بۇ ئىجادىي ئەسەر بولمىسىمۇ، ئەمما بىز بىلەن بىر ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى نۇپۇزلۇق ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان بىر ياخشى ئەسەردۇر. ئەسەر مۇئەللىپى دوكتۇر ئائىز قەرنىي ھازىرقى زامان ئىسلام دۇنياسىدىكى داڭلىق ۋە مول ھوسۇللۇق ئالىملاردىن بىرى. ئۇ تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەر، جامائەت سورۇنلىرى ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى بولۇپ، ھەرخىل تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەيدۇ ۋە لېكسىيە ئوقۇيدۇ. ئۇ بۈگۈنگىچە، سان-ساناقسىز

نۇتۇق، لىكسىيەلەرنى سۆزلىگەندىن سىرت، 30 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان . ئەسەرلىرى ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچى، سىرتىدا كەڭ ئالقىشقا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

مەزكۇر كىتاب ئاياللارغا بېغىشلانغان، روھىيەتنى تەڭشەش ئۇسۇللىرى ۋە تۈرلۈك پسىخىك مەسىلىھەتلەر تۇنۇشتۇرۇلغان نادىر ئەسەر بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇسۇلمان ئاياللار شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خانىم ـ قىزلىرىغا سۇنغان قىممەتلىك سوۋغىسى ھېسابلىنىدۇ. كىتابنىڭ مەزمۇنى روھنىڭ ھەقىقى ئوزۇقى بولغان دىنىي ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تويۇنغان. بۇ نۇقۇل ئەقىل ۋە ماددىيەتچىلىك پەلسەپىسى بويىچە تەھلىل ئېلىپ بارىدىغان پىسخولوگىيەگە ئائىت ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە زوق ئاتا قىلىدۇ.

كىتاب يېقىملىق شېئىري تىل بىلەن يېزىلغان، تىلى راۋان، چۈشۈنۈشلۈك، ئىلھامبەخش، ھەجىمى كىچىك بولۇش بىلەن بىرگە، قىسقا ـ قىسقا باب، پاراگرافلارغا بۆلۈنگەن ؛ ئېلىپ يۈرۈپ ئوقۇشقا ۋە تاللاپ ئوقۇشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن

## بېغىشلىما

ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىسلامنىڭ دىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولغان ھەربىر مۇسۇلمان ئايالغا؛

ھەقىقەت يولىغا ئەگەشكەن، ئۇلۇغ بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ھەربىر قىزغا؛

ئۆزىنىڭ تىلى ئارقىلىق كۆرەش قىلىپ، قىممەت قاراشلىرىنى قوغداپ، روھىنى پاكلىغان ھەربىر ئوقۇتقۇچىغا؛

بالىلىرىنى ئاللاھتىن قورقىدىغان، سۈننەتكە رىئايە قىلىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۇلۇغلايدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەن ھەربىر ئانىغا؛

غەم ـ قايغۇ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان ھەربىر ئايالغا بېغىشلايمەن.

سىزنىڭ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان بۇ خۇش بىشارەتنى الله نىڭ ئىلتىپاتى، مەدىتى ۋە غايەت زور ئەجىر ـ مۇكاپاتى بىلەن قوشۇپ، خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغايسىز.

## مۇقەددىمە

جىمى مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، ساھابىلىرىگە شۇنداقلا بارلىق ئەگەشكۈچىلىرىگە رەھمەت ۋە سالام بولسۇن!

بۇ كىتاب مۇسۇلمان ئايالغا ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىماندىن ۋە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتتىن زوقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە: ئازابلانغان، روھسىزلانغان ۋە دەرت ـ ئەلەمگە مۇبتىلا بولغان ھەر بىر كىشىگە ئۈمىد ۋە خۇش ـ بىشارەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمان ئايالنى نىجاتلىقنى كۈتۈشكە، خاپىلىقتىن كېيىنكى ئاسانلىقنى ئىستەشكە چاقىرىدۇ. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئەقلى ۋە روھىغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: سەۋر بىلەن ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئىزدەڭ، روھسىزلانماڭ، بەل قۇيىۋەتمەڭ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرلەڭ، چۈنكى قۇدرەتلىك ئاللاھ سىز بىلەن بىللە، ئۇ سىزنى مەمنۇن قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ.

ھەمشىرەم، بۇ كىتابنى ئۇقۇڭ، ئۇنىڭدا رۇشەن ئايەتلەر، سەھىھ ھەدىسلەر، تىرەن پىكىرلەر، ئىلھامبەخش قىسسەلەر ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھېكمەتلەر بار. بۇ كىتابنى ئۇقۇڭ، ئۇ ھەسرەتنىڭ كۆلەڭگىسىنى، قورقۇنۇچ ۋە ئەنسىزلىكنىڭ قاباھىتىنى قوغلىۋېتىدۇ. بۇ كىتابنى ئۇقۇڭ، ئۇ كاللىڭىزدىكى چىرماش خىياللارنى، ئېزىتقۇ ۋەسۋەسىلەرنى يۇقۇتۇشىڭىزغا ياردەملىشىپ، سىز ئۈچۈن ئىمان، خاتىرجەملىك، شاتلىق، سائادەتكە تولغان بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ سىزگە ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغاي، ئاللاھ سىزدىن

رازى بولغاي، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇر.

بۇ كىتاب خۇددى يارقىن پىكىرلەر قاچىلانغان خەزىنە كەبى، ھاياتىڭىزنى زىننەتلەيدۇ. ئۇنىڭدا ساقلانغان بەخت ۋە ھەقىقەت دۇردانىلىرىنىڭ قىممىتى يالتىراق، ئېزىتقۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بېسىپ چۈشىدۇ. سىزدە بۇ كىتاب بولسىلا، سىزنىڭ قايتا ھەرقانداق دۇنيالىق پەردازغا، قۇرۇق زىبۇ ـ زىننەتكە، ساختا قىياپەت ۋە بىردەملىك مودىغا خۇشتىڭىز قالمايدۇ. بۇ مەنىۋى بايلىقلار بىلەن ئۆزىڭىزنى بىزەڭ، تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق سورۇندا ئۇلارنى تاقىۋېلىڭ. ئۇ ھالدا، ئاللاھ خالىسا، دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايالغا ئايلىنىسىز.

ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە تەلىم ـ تەربىيەدىن بەختكە تۇتاشقان يولنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىلىرى بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ھېكايىلەر ئوقۇرمەننى رېئاللىقتىن ئايرىپ، شېرىن چۈش ۋە خام ـ خىيال قاينىمىغا غەرق قىلىدۇ، پەقەت ئېزىقىش ۋە ئەنسىزلىكلا ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، نەتىجىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇسال بولىشى مۇمكىن، خۇددى كىشىلەرگە ئالدامچىلىق، جىنايەت ۋە بۇلاڭچىلىقنى ئۆگىتىدىغان ئەجاسا كرىستىنىڭ ھېكايىلىرىگە ئوخشاش. مەن « دۇنيادىكى داڭلىق رومانلاردىن تاللانمىلار » ناملىق مەجمۇئەنى ئوقۇدۇم. ئۇ نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رومانلار توپلىمى ئىدى. مەن بۇ ھېكايىلەردە ئېغىر خاتالىق ۋە جاھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدىم. شۈبھىسىزكى، نۇقۇل ئەدەبى ئىجادىيەت ۋە تەسۋىر ماھارىتى نوقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىتايىن ياخشى. مەسىلەن: ھىمىڭۋاينىڭ « بوۋاي ۋە

دېڭىز» دېگەن رومانى ھەمدە باشقا چاكىنا مەزمۇنلاردىن، چۈشكۈن ئىدىيەلەردىن ۋە ئەدەبى زاۋاللىقنىڭ ئاسارەتلىرىدىن خالى ئەسەرلەر.

ھەر بىر ئاقىل ئايال مۇنەۋۋەر ئەرەب ۋە ئىسلام ئەدەبى مىراسلىرىنى ئوقۇشى لازىم. مەسىلەن: تەنتاۋىي، كەيلانىي، مەنفىلۇتىي، رافىئىي قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرى. بۇ پاكىز، ئەخلاقلىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېنىق ئۇچۇر تارقىتىدۇ. مەن بۇلارنى تىلغا ئالدىم، چۈنكى مەن كىتابىمنىڭ ھەرقانداق يات، پۇچەك ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھەقىقەتتىن قىڭغىر كېتىشىنى خالىمايمەن. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ ئاتالمىش داڭدار غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. مېھرىبان ئاللاھ ئۇقۇرمەننى ئاشۇ ناچار ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراشتىن ساقلىغاي!

نېمىلا دېگەن بىلەن، ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىدا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزىنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلغان قىسسەلەر شۇنداقلا دۇرۇس خەلىپەلەر، ئالىملار، ۋە سالىھلارنىڭ شانلىق تارىخى باشقا ھەرقانداق ھېكايىدىن مەنپەئەتلىكتۇر. سىز ــ ھەق دىنىنىڭ ھىدايىتىگە، ئىمان ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىگە نائىل ئىنسان ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۈچۈن خۇرسەنلىككە چۆمۈشىڭىز كېرەك

ــ د . ئائىز قەرنىي

# بىرىنچى باب

«مەيلى سىز بوران-چاپقۇن، قار-يامغۇردا قېلىڭ، ھامان ئۇمۇدۋار بولۇڭ».

# 1

## مەرھابا

مەرھابا، ئىخلاسمەنلەر مەرھابا، رۇزىدار، نامازخانلار مەرھابا.

مەرھابا، ئالىيجاناپ، دانىشمەنلەر مەرھابا؛ ھىجاپ كىيگەن ئۇز ئايالLلار
مەرھابا.

ئويغاق،ئاقىل،ئالىمەلەر مەرھابا.

ساداقەتمەن،مېھرىبان تۇز ئايالLلار مەرھابا.

ئىزدەپ الله رىزاسى،تىلەپ ئەپۇ مەغفىرەت،ھەق ئۇستىدە چىڭ تۇرغا
سەۋىرچانلار مەرھابا.

الله نى ئەسلەيدىغان،الله دەپ توۋلايدىغان شۇكۇرچانلار مەرھابا.

ئاسىيە،مەريەم،خەدىچە ئىزىنى بويلىغانلار مەرھابا.

ئارسلانلارنى چوڭ قىلغان پەرۋىشكارلار مەرھابا.

ئەخلاق خەزىنىدارلىرى، قاراۋۇللىرى، خۇش كەلدىڭلار مەرھابا.

الله قا ھۆرمەت، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىز ـ چوكانلار مەرھابا.

## 2

## ھەئە...!

گۈزەل تەبەسسۇمىڭىزنى نامايەن قىلىڭ، ئىللىقلىق، دوستلۇق تارقىتىڭ.

يېقىشلىق سۆزلىرىڭىز بىلەن ئىسلامى دوستلۇق بەرپا قىلىپ، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى يۇيۇڭ.

كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان خەير ـ ئېھسان قىلىڭ،كەمبەغەلنى خۇرسەن قىلىڭ، ئاچنى تويغۇزۇڭ.

ھەمىشە قۇرئان بىلەن بىرگە بولۇڭ، ئوقۇڭ، ئىچىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى تەپەككۇر قىلىڭ، ئۇنى ھاياتىڭىزدىكى كومپاسقا، ئەپۇغا ئېرىشىشتىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرىۋېلىڭ.

الله نى كۆپ ياد ئېتىڭ، ئۈزۈلدۈرمەي دۇئا قىلىڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن تەۋبە قىلىڭ، الله نىڭ ئەپۇ رەھمىتىنى تىلەڭ.

بالىلىرىڭىزنى ئىسلام يولىدا چوڭ قىلىڭ، ئۇلارغا سۈننەتنى ئۆگىتىڭ، ئۇلارنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا باشلاڭ.

ئېسىل، سالاپەتلىك كىيىنىڭ، الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاڭ، ھىجابلىنىش بولسا ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلى.

الله تىن ئەيمىنىدىغان، ئىسلامنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەخلاقنى ئۇلۇغلايدىغان ئاياللار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىڭ.

ئاتا ـ ئانىلارغا ھۆرمەت قىلىڭ، ئۇرۇق تۇغقانلارنى يوقلاڭ،

قولۇم ـ قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، يېتىم ـ يېسىرلارغا غەمخورلۇق قىلىش.

مەنپەئەتلىك كىتابلارنى ئوقۇش.

## ياق...!

مەنپەئەتسىز ئىشلارنى قوغلاشماق، ئۆچ ئېلىشقا بەنت بولماق، ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىشلارغا ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماق.

مال ـ دۇنيانى ساغلاملىق، خۇشاللىق، شېرىن ئۇيقۇ ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالماق.

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىماق، غەيۋەت قىلىپ ئۆزگىلەرنى نابۇت قىلماق، ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى بولسا ئەسلا ئۇنۇتماق.

ماددى ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە دوم چۈشمەك، كۆڭۈل خاھىشغا قۇل بولماق.

پەس ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماق، قۇرۇق ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلماق.

شەخسى تازىلىق ۋە ئۆي ئىچىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولىشىغا سەل قارىماق، ئۆي ئىشلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتمەك.

ھاراق ئىچمەك، تاماكا چەكمەك، ئاچلىق ھالدا بارلىق ئىپلاسلىقلاردىن نېرى تۇرۇڭ.

ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەڭ، ئىلگىركى خاتالىقلار ئىچىگە ئۆزىڭىزنى قامىۋالماڭ.

ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلارنى ئۇنۇتماڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەڭ.

ھارام نەرسىلەرگە پۇل خەجلىمەڭ، ھالال نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلماڭ، تائەت ـ ئىبادەتكە سەل قارىماڭ.

# 4

## ... چوڭقۇر ئويلىنىڭ

1. ئېسىڭىزدە بولسۇن،سىزنىڭ پەرۋەردىگارىڭىز ئەپۇ سورىغۇچىلارنى ئەپۇ قىلىدۇ،تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ،ئۆزى تەرەپكە قايتقۇچىلارغا يول بېرىدۇ.

2. ئاجىزلارغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، خۇشال بولىسىز: مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىڭ، قانائەت تاپىسىز: ھەسەتتىن يىراق تۇرۇڭ، ساغلام بولىسىز.

3. ئۈمىتۋار بولۇڭ،چۈنكى الله سىز بىلەن بىللە،پەرىشتىلەر سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ،جەننەت سىزنى كۈتمەكتە.

4. كۆز ياشلىرىڭىزنى سۈرتىۋېتىڭ،رەببىڭىزنى قىزغىن سۆيۈڭ،غەم ـ قايغۇلىرىڭىزنى قوغلاڭ،الله سىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنى ئەسلەڭ.

5. بۇ دۇنيا ھېچكىمگە تولۇق ۋاپا قىلغان ئەمەس،يەرشارىدا ھەممە ئىش كۈتكىنىدەك چىقىدىغان، غەم ـ قايغۇسىز بىرمۇ ئىنسان يوق.

6. تاش ئاتقانغا مېۋە تاشلاپ بېرىدىغان،باراقسان ئۆسكەن دەرەختەك ياشاڭ.

7. دەرت ـ پىغاننىڭ يوقاتقاننى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باققانمۇ سىز؟ ياكى قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ خاتالىقنى تۈزەتكىنىنى؟،ئۇنداق بولسا دەرت ـ پىغان،قايغۇ ـ ھەسرەتكە نەھاجەت؟

8. سىناق ۋە مۇسىبەتنى تىلىمەڭ،تىنچلىق،ئامانلىق،تەن ساقلىقنى تىلەڭ.

9. سىزگە ئازار بەرگەن بارچە كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىڭ،قەلبىڭىزدىكى قىساس ئوتىنى ئۆچۈرۈڭ.

10. تەرتىپلىك يۇيۇنۇش،تاھارەت،مىسۋاك بارچە بەختسىزلىك ۋە غەم ئەندىشىنى ساقايتىدىغان ياخشى دورا.

## 5

## ... سەمىڭىزدە بولسۇن

**1.** ھەسەل ھەرىسىدەك خۇشپۇراق گۈللەرگە، ياپپېشىل شاخلارغا قونۇڭ.

**2.** سىزدە باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ۋە ئەيىبىنى ئىزدەيدىغانغا ۋاقىت يوق.

**3.** ئاللاھ سىز بىلەن بىرگە بولسا، كىمدىن قورقىسىز؟ ئاللاھ سىزگە قارشى بولسا، كىمدىن ئۈمىد كۈتىسىز؟!

**4.** ھەسەت ئوتى تېنىڭىزنى نابۇت قىلىدۇ، چەكتىن ئاشقان ھەۋەس شىددەتلىك پارتىلىغان ۋۇلقانغا ئوخشايدۇ.

**5.** مۇبادا بۈگۈن تەييارلىق قىلمىسىڭىز، ئەتە ھېچ ئىشنى قىلالمايسىز.

**6.** قۇرۇق گەپ بولىدىغان جايدىن ئاستاغىنە كېتىڭ.

**7.** پەزىلىتىڭىز ھەم پوزىتسىيىڭىز چىمەنلىكتىن بەكرەك گۈزەل بولسۇن.

**8.** ئىشنى ياخشى قىلىش سىزنى ئەڭ خوشال ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

**9.** كىشىلەرنى ئۈلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا تاپشۇرۇڭ، ھەسەتنى ئۆلۈمگە قالدۇرۇڭ، رەقىبلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

**10.** ھارام ئىشلار ئېلىپ كەلگەن مەغرۇرلۇق چوقۇمكى پۇشايمان، زىيان ۋە جازاغا ھەمراھ.

# ئىككىنچى باب

«ئۆتمۈش ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى. سىز كۈتۈۋاتقان كەلگۈسى تېخى نامەلۇم، ئىلكىڭىزدىكى بار ـ يوقى پەقەتلا ‹ھازىر›»

«كۆچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھتىنلا كېلىدۇ.»

## 1

## زومىگەرلىككە جەڭ ئېلان قىلغان ئايال

ئۆتمۈش ئالىلقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى. سىز كۆتۈۋاتقان كەلگۈسى تېخى نامەلۇم، ئىلكىڭىزدىكى بار ـ يوقى پەقەتلا «ھازىر».

بىز ئىسلامنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىگە قاراپ باقايلى. بۈيۈك، ھەممىگە قادىر الله «قۇرئان» دا ئىپپەتلىك،ئىمانلىق ئاياللارنى ماختىدى: «الله پىرئەۋنىنىڭ ئايالىنى مۇئمىنلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلدى.ئەينى چاغدا،ئۇ ئېيتتى:«پەرۋەردىگارىم مەن ئۇچۇن دەرگاھىڭدا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن،مېنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكىلىكىدىن قۇتقۇزغىن،مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن. (11 :66)

ئويلاپ بېقىڭ،الله قانداقسىگە بۇ ئايالنى (ئاسىيەنى) ئىمانلىق ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى قىلدى،ئۇ قانداق قىلىپ ھىدايەت تېپىشنى،الله نىڭ يولىغا ئەگىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بارچە كىشىلەرنىڭ روشەن سىمۋولىغا ئايلاندى. ئۇ نېمىدىگەن دانا ھە! الله نىڭ دەرگاھىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن دۇنيا مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بولغان تۇرالغۇ تەلەپ قىلدى.ئۇ ئۆزىنى جاھىلىيەتچى، زالىم، كاپىر پىرئەۋن كونتروللىقىدىن ئازاد قىلدى. خىزمىتىنى قىلغىلى كېنىزەكلەر،كىيگىلى ھەشەمەتلىك كىيىملەر تەل بولغان راھەت ـ پاراغەتلىك قەسىردە تۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋاردىگارى الله تىن تېخىمۇ يوقالماس،تېخىمۇ گۈزەل تۇرالغۇ،كۆپلىگەن

چىمەنزارلىقلار،ئېرىق ئۆستەڭلەرگە تولغان جەننەت سورىدى. ھەممىگە قادىر الله قا، يېگانە، مەدھىيەگە لايىق،ئۇلۇغ، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەتكە ئىگە خۇداغا يېقىنلىششنى ئىستىدى. « قۇدرەتلىك الله نىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا ئېرىشىدۇ» (55 :54). ئۇ بىر ئۇلۇغ ئايال،زالىم ئېرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن،ئۇنىڭ ھىممىتى ۋە ساداقىتى ئۇنى ھەقىقەت ۋە ئىمانىنى سۆزلەشكە قىستىدى.ئۇ ئاللاھ يولىدا قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىدى.ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دەرگاھىدىن مۇكەممەل پاناھ تاپتى.ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچىلىك ھەر بىر ئىمانلىق ئەر ـ ئايالنىڭ نەمۇنىسى قىلدى،شۇنداقلا مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇنى ماختىدى.ئۇنىڭ نامىنى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى خاتىرلىدى.ئۇنىڭ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرىگەن ئېرىنى قارغىدى.

«گەرچە سىز بوران ـ چاپقۇن،قار ـ يامغۇردا قالسىڭىزمۇ،ھامان ئۇمۇدۋار بولۇڭ»

« ئەلۋەتتە، ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.» (6 :94)

## 2

## سانسىز نىئمەت ۋە چەكسىز يوشۇرۇن كۈچ

ھەمشىرەم،« ئەلۋەتتە،ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.» (6 :94). زۇلمەتلىك كېچە ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن چوقۇم نۇرلۇق سەھەر كېلىدۇ،ئارام بەرمەس ھەسرەت بۇلۇتلىرى تارقىلىپ،جاننى قىينايدىغان قاباھەت ھامان يوقىلىدۇ، ئازابلىق مۇسىبەتمۇ بىركۈن تۈگەيدۇ، ئىنشا الله. بىلىڭكى، سىز ھامان ئەجىرگە ئېرىشىسىز. مۇبادا سىز بىر ئانا بولۇپ،پەرزەنتلىرىڭىزنى ئىسلامنىڭ غوللۇق كۈچلىرىدىن قىلىپ تەربىيلىسىڭىز، ئۇلار سىز ئۈچۈن سەجدىلەردە ۋە سەھەرلەردە دۇئا قىلسا، ئۇ چاغدا سىز ھېسداش قەلبلەرگە باي،مېھرىبان،شەپقەتلىك بىر ئانىغا ئايلىنىسىز، بەخىت دىگەن شۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە ئىنسانىيەتكە بىر ئۇلۇغ رەھبەر، كاتتا پەيغەمبەرنى تەقدىم قىلدى. ئانا بولغانلىقىڭىز،بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىپتىخار ۋە شان ـ شەرەپكە نېمىدىگەن لايىقسىز ـ ھە!.

سىزدە بىر دەۋەتچىگە ئايلىنىش يوشۇرۇن كۈچى بار.يېقىملىق سۆزلىرىڭىز،پاراسەتلىك نەسىھەتلىرىڭىز،ھېكمەتلىك ئۇسلۇبىڭىز بىلەن باشقا ئاياللارنى الله نىڭ يولىدا مېڭىشقا چاقىرىڭ. ئېسىل ئىش ـ ھەركەتلىرىڭىز بىلەن ئۆزگىلەرنى تەسىرلەندۈرۈڭ، ئۇلارغا يول

باشلاڭ،ئۇلارنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلىنىڭ. بىر ئايالنىڭ گۈزەل خۇلقى ـ مىجەزى: پاكىز، دىيانەتلىك ئىش ـ ھەركەتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان يېتەكلەش رولى دىنى دەۋەت، لىكسىيە ۋە دەرسلەر قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇ قوشنىلار ئارا ياشايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ دىن ـ دىيانىتىنى تىلغا ئالىدۇ. ئېسىل كىيىمى، گۈزەل مۇئامىلىسى،قوشنىلار بىلەن ئىناقلىقى،ئېرىگە ئىتائەتمەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ.نەتىجىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىدۇ، ھەممە كىشى ئۇنى ماختايدۇ.

«گۈللەر تېزلا ئېچىلىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەت ھامان يوقىلىدۇ، شادلىق چوقۇم ھۆكۈم سۈرىدۇ»

«قىيىنچىلىقتىن كېيىن الله ئاسان قىلىدۇ» (65: 7)

# 3

## سىز غايەت زور بايلىققا ئىگە

پەقەت نىيەت الله ئۈچۈن بولسىلا، سىز ئۆچرىغان بارچە خاپىلىق گۈناھلىرىڭىزنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ھەدىس تارقاتقان خۇش-خەۋەرنى ئاڭلاڭ: « بىر ئايال رەببىگە ئىتائەت قىلسا، بەش ۋاخ نامىزىنى ئۆتىسە، ئىززەت-ئابرويىنى قوغدىسا،رەببىنىڭ جەننىتىگە كىرىدۇ».

الله ئاسان قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن ئاساندۇر.بۇ كاتتا خىزمەتلەرنى قىلسىڭىز،سىزگە ئىككى دۇنيالىق بەخىت ئاتا قىلغان مېھرىبان پەرۋەردىگارىڭىزنى كۆرەلەيسىز.ئۇنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنۇڭ،قۇرئان ۋە ھەدىسنى چىڭ تۇتۇڭ.چۈنكى سىز مۇسۇلمان ئايال،بۇ دىگەن ئەڭ ئۇلۇغ شان-شەرەپ ۋە ئىپتىخار بۇلىقى. الله سىزنى مۇسۇلمان بولۇشقا تاللىدى،سىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى قىلدى،ئائىشە،خەدىچە ۋە فاتىمەلەرنىڭ ۋارىسى قىلدى.

بەش ۋاخ ناماز ئۆتىگەنلىكىڭىز،روزا تۇتقانلىقىڭىز،ھەج قىلغانلىقىڭىز،ھىجاپ كىيگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمىز!

الله نىڭ پەرۋەردىگارىڭىز،ئىسلامنىڭ دىنىڭىز،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىڭىز بولغىنىغا رازى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مۇبارەك بولسۇن!

«ئىمان ـ ئېتىقاد سىزنىڭ ئالتۇنىڭىز، دىيانەت سىزنىڭ زىبۇ ـ زىننىتىڭىز، ئەدەپ ـ ئەخلاق سىزنىڭ بايلىقىڭىز».

«الله بىزگە يېتەرلىك،ئۇ نىمىدىگەن ياخشى ھامىي ـ ھە!» (3: 173)

## 4

## ئىسلامىيەتتىكى ئايال جاھىلىيەتتىكى ئايالغا ئوخشىمايدۇ

سىز پەقەت بىر ئىشنى ـ ئىسلامىيەت مۇھىتىدا ياشىغان مۇسۇلمان ئايال بىلەن جاھىلىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان غەيرى مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ـ ئىنچىكە ئويلانسىڭىزلا بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىسىز. ئىمانلىق ئايال الله تىن قورقىدۇ، خەير ـ ئېھسان قىلىدۇ، روزا تۇتىدۇ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ، ھېجاپلىنىدۇ، ئېرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، قوشنىسى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، باللىرىغا كۆيىنىدۇ. ئەمما جاھىل ئايال بەدەنلىرىنى خالىغانچە ئوچۇق قويىدۇ. بىلىمسىز، نادان، پەقەت دەۋرىنىڭ مودىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئەخلاق مىزانى يوق، ئابروي ئۆلچىمى يوق، ئىمان تېخىمۇ يوق. بۇ ئىككى خىل ھالەتنى سېلىشتۇرسىڭىزلا ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ بەختلىك ئىكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز، ئۇلۇغ ئاللاھقا شۈكرى.

«بوشىشىپ قالماڭلار،قايغۇرماڭلار،ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» (3: 139)

« قەسىردە ياشىغان ئادەممۇ، كەپىدە ياشىغان ئادەممۇ ئوخشاشلا ياشايدۇ، بىراق كىم بەختلىك ياشايدۇ؟»

«الله مېنىڭ ئىگەمدۇر، مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن».

## 5

## ھورۇنلۇق مەغلۇبىيەتنىڭ بىر تۈققىنى

مەن سىزگە كۆچەپ نەسىھەت قىلاي، ئالدىرىش يۈرۈڭ. ھورۇنلۇق ۋە بىكار تەلەتلىككە چۆكۈپ قالماڭ، ئۆي ـ ۋاقىتىڭىز ۋە ئائىلە كۈتۈپخانىڭىزغا ئوبدان قاراڭ، خىزمىتىڭىزنى، مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىڭ ياكى بولمىسا ناماز ئوقۇڭ،قۇرئان ۋە پايدىلىق ئەسەرلەرنى كۆرۈڭ، مەنپەئەتلىك نۇتۇقلارنى ئاڭلاڭ ۋە ياكى دوستلىرىڭىز، قولۇم ـ قوشنىلىرىڭىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى الله قا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان تېمىلاردا پاراڭلىشىڭ. شۇندىلا بەخت ۋە شاتلىقنى تاپالايسىز. قۇرۇق ھېسياتقا قۇل بولۇشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى ئۇ باش ئاغرىقى، غەم ـ ئەندىشە ۋە يامان ۋەسۋەسە ـ گۇمانلارنى قوزغايدۇ، بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق.

قىياپىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئائىلىدە خۇشپۇراق ئىشلىتىڭ، ئۆينى پاكىز تۇتۇڭ، ئېرىڭىزگە، بالىلىرىڭىزغا، ئاكا ـ ئۇكا، ھەدە ـ سىڭىللىرىڭىزغا، تۇغقانلىرىڭىز ۋە دوستلىرىڭىزغا خۇرسەن قەلب، چىن تەبەسسۇم، قانائەتچان روھى ـ ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ.

ئاشۇ بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان گۇناھلاردىن نېرى تۇرۇڭ. مەسىلەن: ھارام قاراش، خالىغانچە ئېچىلغان زىننەت، يات ئەر بىلەن يالغۇز

بىرگە تۇرۇش، قارغاش، تۆھمەت، غەيۋەت، ئەرگە سەركەشلىك قىلىش، ياخشىلىقنى كۆز يۇمۇش؛ مانا بۇ گۇناھلار ئاياللار ئارىسىدا ئىنتايىن يامراپ كەتتى، پەقەت ئاشۇ الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا. الله نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ، الله تىن ئەيمىنىڭ، چۈنكى تەقۋالىق بەخىت ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ.

«مۇسىبەت تۇيۇقسىز كەلگەندە، ئايەت بىر ـ بىرىگە ئۇلاشقاندا، ‹لە ئىلاھە ئىللەللاھ› (الله تىن ئۆزگە ئىلاھ يوق) دەڭ.»

«مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن» (18 :12)

## 6

## سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز كۆپلىگەن ئاياللارنىڭكىدىن ياخشى

ئويلاپ بېقىڭ، بۇ دۇنيادا، دوختۇرخانىلاردا ساقايماس كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ،ھادىسىلەرگە يولۇقۇپ يېتىۋاتقان بىمارلاردىن قانچىسى بار.تۈرمىلەردە ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇپ يېتىۋاتقان مەھبۇسلاردىن قانچىسى بار.روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقان، ئەقلىدىن ئايرىلىپ ئېلىشىپ قالغانلاردىن قانچىسى بار. ئەجەبا دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر كونا كەپە،چېدىرلاردا تۇرۇپ يېگىلى نان تاپالمايۋاتامدۇ؟ ئەجەبا كۆپلىگەن ئاياللار ئاپەتكە ئۇچراپ ھەممە باللىرىدىن ياكى كۆزىدىن،قۇلىقىدىن ۋە ياكى ئەقىل تەپەككۇرىدىن ئايرىلىۋاتامدۇ،ھەتتا ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولىۋاتامدۇ؟ ئەمما سىزگە كەلسەك،بەش ئەزايىڭىز ساق،تېنىڭىز ساغلام،تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم. شۇڭا سىز قانائەت قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ نېئمەتلەر ئۈچۈن ئۇلۇغ، مېھرىبان الله قا تەشەككۇر ئېيتىشىڭىز لازىم. ۋاقتىڭىزنى الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەيدىغان ئىشلارغا زايا قىلماڭ. تېلىۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئىپلاس،چىرىك مەزمۇنلارنى كۆرۈش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، تېنىنى ھورۇن، تەييار تاپ قىلىپ قويىدۇ. پايدىلىق پروگراممىلارنى،لېكسىيە ۋە سۆھبەتلەرنى تاللاپ كۆرۈڭ، مەسىلەن: تىببي ساۋاتلار لېكسىيەسى ياكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت خەۋەرلەر

دىگەندەك. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرىشىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئىپلاس ئىدىيەلەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇلار ئىززەت ـ ئابرويىڭىز، ئىمان ـ ئېتقادىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

«يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئاخىرەت سوتىغا قالدۇرۇڭ. ئۇ چاغدا ئاللاھتىن باشقا سوتچى يوق.»

«بىر مىنۇت ئىچىدە خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپقىلى بولىشى مۇمكىن.»

## 7

## ئۆزىڭىز ئۇچۇن جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىڭ

قاراڭ، قانچىلىغان ئەسىرلەر خۇددى ئىس ـ تۈتەك كەبى غايىپ بولدى. ئاشۇ ئەسىرلەردىكى كىشىلەر بۇ دۇنيادىكى بايلىقنى ئېلىپ كېتەلىدىمۇ؟ ياكى قەسىر ـ ساراي، ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟ ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندىمۇ ياكى ئاپتوموبىل،ئايروپىلانلىرى بىلەن؟ ياق،ھەتتا ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇسالدۇرىۋېلىندى. كېپەنگە يۆگىلىپ قەبرىگە قويۇلدى. ئۇ يەردە ھەربىر ئادەم سوراققا دۇچ كېلىدۇ:

پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟

ئاشۇ كۈن ئۇچۇن ئوبدان تەييارلىق قىلىڭ،بۇ دۇنيادىكى ئەرزىمەس، ئۆتكۈنچى ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئۇچۇن ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەڭ. شۇ چاغ كەلگەندە ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچنىمە سىزگە ھەمراھ بولمايدۇ.

ئۇلۇغ خۇدا ئېيتتى: « ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى (دۇنيادا قەنەئەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.» (97 :16)

«كېسەللىك خۇش ـ خەۋەرگە ھامىلدار ،خۇددى ساقلىق نەپىس كىيىم بولغان كەبى»

« (پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن( جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم. » (87 :21)

## 8

## قەلبىڭىزنى خاراب قىلماڭ

ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان بارچە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭ،مەسىلەن: ئەخلاقنى بۇزىدىغان ژۇرنال، ناچار ئىدىيە تارقىتىدىغان كىتاپ ئوقۇش، مەزمۇنى شاللاق سېرىق سۇرەتلەرگە قاراش دېگەندەك. سىز چوقۇم ئەھمىيەتلىك كىتاپلارنى ئىزدەپ تېپىڭ،مەسىلەن: ئىسلامى ژۇرناللار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە پايدىلىق كىتاپلار ۋە ماقالىلەر. بىر قىسىم كىتاپ ـ ژۇرناللار باركى ئىدىيەنى بۇلغاپ،كىشى قەلبىنى گۇمراھلىققا باشلايدۇ، بۇلار كۇفر دۇنياسىدىن ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرگەن چۈشكۈن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرلىرىدۇر.

ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ! غەيىب دۇنياسىنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ئۇ ھەممىگە قادىر، مېھرىبان ئىگە. پەقەت الله لا تەسەللي ئېلىپ كېلىپ، غەم ـ قايغۇنى قوغلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا چوقۇنۇڭ، ئۇنىڭغا سېغىنىڭ. قايتا ـ قايتا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇپ تۇرۇڭ:

«ئېھ الله، ساڭا سېغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىق،ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ بېخىللىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ

قەرزدارلىقتىن،كىشىلەرنىڭ زۇلمىدىن پاناھ تىلەيمەن.»

مۇبادا بۇ دۇئانى تەكرار ئوقۇسىڭىز ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلسىڭىز ھەممىگە قادىر،ناھايىتى شەپقەتلىك اللە سىزنىڭ قايغۇ ھەسرەتتىن قۇتۇلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«بىر سىكۇنت ئىچىدە بىر ئېغىز ھەمدۇ-سانا «تىكىلىڭ»،بىر مىنۇت ئىچىدە بىر ئوي «تىكىلىڭ»،بىر سائەت ئىچىدە بىر ئەمەل «تىكىلىڭ».»

« بىشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ الله تىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟» (27: 62)

9

## يۈزلەنگىنىڭىز مېھرىبان، شەپقەتلىك تەڭرى

شاتلىنىڭ، ئۇلۇغ الله سىزگە غايەت زور ئەجىر ـ مۇكاپات ۋەدە قىلدى. ئۇ ئېيتتى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن.» (3: 195)

الله ئەر ـ ئاياللارغا ئوخشاش ۋەدە بەردى. ئەرلەرنى ماختىغاندا ئاياللارنىمۇ بىرگە ماختىدى: «مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار، مۇئمىن ئەر ـ ئاياللار، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەر ـ ئاياللار، راستچىل ئەر ـ ئاياللار، سەۋىرچان ئەر ـ ئاياللار، تەقۋادار ئەر ـ ئاياللار، خەير ـ ئېھسان قىلغۇچى ئەر ـ ئاياللار، روزا تۇتقۇچى ئەر ـ ئاياللار، ئىپپەتلىك ئەر ـ ئاياللار، الله نى ئەسلەپ تۇرغۇچى ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن الله مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.» (33: 35)

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى:ئايال ئەرنىڭ يېرىمى ۋە جورىسى.سىزنىڭ ئەجرىڭىز الله نىڭ دەرگاھىدا ساقلىنىدۇ. سىزمەيلى ئائىلىدە بولسۇن ۋە ياكى جەمىيەتتە بولسۇن ياخشى ئىش قىلىشىڭىز كېرەك.بۇ سىزنىڭ الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. سىز مەھەللىدىكى

باللارغا ياخشى ئۆلگە، يېتەكچى بولىشىڭىز لازىم.

ئاسىيە ـ پىرئەۋنىنىڭ ئايالى، مەريەم، خەدىچە، ئائىشە، ئەسما، فاتىمەلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئۆگىنىڭ.بۇلار تاللانغان سالىھە، مۇئمىنە ئايالللاردۇر.ئۇلار كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيتتى، ئاللاھتىن ئۆزلىرىگە رازىلىق ۋە ساۋاپ تىلەيتتى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارنى رازى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسىڭىز چوقۇم خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپىسىز.

«جەننەتتىكى سارايغا ئېرىشىش ئۈچۈن،يېتىمنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، الله نى رازى قىلىڭ.»

«تاڭ ـ سەھەر يېقىن ئەمەسمۇ؟» (11: 81)

## 10

## سىز هامان غالىب

الله تىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىڭ. مۇبادا غەم ـ ئەندىشە، بالا ـ قازا، ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ دىگەن گۇناھتىن پاكلىنىشنىڭ بىر خىل يولى. مۇبادا بالىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز، ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ،ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدا سىزگە شاپائەت قىلىدۇ. مۇبادا كېسەل تەگسە، ئۇنۇتماڭ، ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ ـ مۇكاپات سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ. ئاچلىق،كېسەللىك، نامراتلىق ھەممىسى ساۋاپنى باشلاپ كېلىدۇ. الله نىڭ دەرگاھىدا سىزگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. الله ئاشۇ ساۋاپلارنى ئامانەت سۈپىتىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ، قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

«ناماز تىنىچ ـ ئاراملىقنىڭ كاپالىتى،ئۇ دەرت ـ ئەلەمنى قوغلايدۇ.»

## ئۈچىنچى باب

«بەخت دېگەن كۆڭۈل توقلىقى، ئىدىيە خاتىرجەملىكى، تىنچلىق شاتلىقى، پاك مۇئامىلە، گۈزەل ئىش ـ ھەركەت ۋە قانائەتچان روھى ھالەتتۇر.»

«مەن ساڭا ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنى قوبۇل قىلغىن، شۇنداقلا ماڭا شۈكۈر قىلغىن.» (7: 144)

## 1

## الله نىڭ مەرھەمىتى قانچىلىك، ھېساپلاپ بېقىڭ

تاڭ ئاتسىلا، قۇياش سانسىزلىغان بەختسىز ئاياللارنىڭ ئۈستىگە نۇر تاشلايدۇ، ئەمما سىز بەختلىك. ئۇ سانسىزلىغان ئاچ ـ يالىڭاچ ئاياللارغا نۇر چاچىدۇ، سىزنىڭ بولسا يېتەرلىك ئوزۇقىڭىز بار. ئۇ سانسىزلىغان مەھبۇسلارغا نۇر چاچىدۇ، ئەمما سىز ھۆر. ئۇ سانسىزلىغان ئاپەت تۈپەيلى جۇدەپكەتكەن ئاياللارغا نۇر تاشلايدۇ ، ئەكسىچە سىز ساغلام، شاد ـ خۇرام. قانچىلىغان كۆز ـ ياشلار ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىدىن ساقماقتا، قانچىلىغان ئانىلارنىڭ قەلبلىرى دەرت ـ ھەسرەتكە تولماقتا، قانچىلىغان سەبىي قىزلار ياردەمسىز ئىڭرىماقتا. سىزچۇ؟سىز بەخت ۋە تەبەسسۇمغا ئىگىسىز. شۇڭا الله قا ـ مەڭگۈ مەۋجۇت خۇداغا مېھرىبانلىقى، ھامىيلىقى، سېخىيلىقى ئۈچۈن ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىڭ.

ئولتۇرۇپ ئويلىنىڭ، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىڭىزگە يۈزلىنىڭ، بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا قاراڭ. سىز قانچىلىك نەرسىگە،قانچىلىك بايلىققا ئىگە؟ قانچىلىك بەخت ۋە سىزنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلاردىن بەھرىمەن بولىۋاتىسىز؟ـــــ ھۆسىن ـ جامال، مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا، سالقىن ـ سۆرۈن، ئائىلە، ۋەتەن، كۈن نۇرى، ھاۋا، سۇ، غىزا، دورا. مانا بۇلارغا ئىگە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن شاد ـ خۇرام بولۇڭ.

«بىر كوي پۇلىڭىزنى مىسكىنلەرنىڭ بەختى ۋە سۆيگۈسىگە تىگىشىڭ.»

« الله سەن ئۈچۈن تەقسىم قىلغانغا رازى بول، ئەڭ باي ئادەم بولىسەن.»

## 2

## سىزنى خۇرسەن قىلىدىغىنى ناھايىتى ئاز، سىزنى ئازاپلايدىغىنى بولسا تولىمۇ كۆپ

ھاياتىڭىزنىڭ ھەقىقى سانىغىلى بولىدىغان قىسمى دەل بەخىت ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن تولغان ۋاقىتلاردۇر. تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە ئالاقزادىلىك دېگەنلەر ساناقتا توختىمايدۇ. بۇلار سالامەتلىككە زىيانلىق ، گۈزەللىكنى نابۇت قىلىدۇ. الله سىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغانغا رازى بولۇڭ، تەقدىرگە ئىشىنىڭ. ئۈمىدۋار روھى ھالەت بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىڭ، خۇددى گۈزەل ۋە يەڭگىل قەلبىلىك،ھېچنىمىگە مەھلىيا بولمايدىغان،گۈلدىن ـ گۈلگە ، باغدىن ـ باغقا ، تاغدىن ـ تاغقا قونۇپ يۈرىدىغان كېپىنەككە ئوخشاش. ياكى گۈللەردىن شىرنە سۈمۈرۈپ،ھەسەل ئىشلەيدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش، ئۇ گۈللەرگە قونىدۇ بىراق گۈل شېخىنى سۇندۇرۇۋەتمەيدۇ، گۈل شىرنىسىنى يىغىپ ھەسەل ئىشلەيدۇ،ئەمما گۈل بەرگىنى چىشلەپ نابۇت قىلمايدۇ. قانائەت تۇيغۇسىغا باي «ۋىڭ ـ ۋىڭ» ئاۋازى بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ. گويا جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەر زېمىنغا چۈشكەن كەبى.

«الله تەۋبە قىلغۇچىلارنى،ئۆزىگە يۈزلەنگۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا قايتىدۇ،ئۇنىڭغا ھازىرقى ھالىدىن شىكايەت قىلىدۇ.»

« ئاللاھقا شۈكرى. ئۇ مېنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى يۇقاتتى.»

3

بېشىڭىزنى تۆۋەن سېلىپ لاي ـ تۇپراققا ئەمەس، ئېگىز كۆتۈرۈپ رەڭدار بۇلۇتلارغا قاراڭ

يىراقلارغا تىكىلىڭ، خىياللىرىڭىز قاناتلانسۇن. توختىماي يامىشىڭ، ئۈمۈد مەڭگۈ سىزنى باغاشلىسۇن. چىكىنىشتىن ساقلىنىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھايات دېمەك مىنۇت ـ سىكۇنت دىمەكتۇر. سىز گويا ئىشچان چۈمۈلە كەبى چىداملىق بولىشىڭىز كېرەك.

ئۆزۈلدۈرمەي تىرىشىشىڭ، توختىماي پىكىر قىلىڭ. مۇبادا يەنە گۇناھ قىلىپ سالسىڭىز يەنە تەۋبە قىلىڭ.

تىرىشىپ قۇرئان يادلاڭ. مۇبادا ئۇنتۇپ قالسىڭىز قايتىدىن بىر ـ بىرلەپ تەكرار قىلىڭ.

ئەڭ مۇھىمى مەڭگۇ ئاھ ئۇرماڭ، ئەقىل بىلەن سۆزلەڭ. دۇنيادىكى ئىشلار يەكۈن ۋە خۇلاسە ئەمەس، پەقەت تەكرار تەجرىبە، خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش جەريانى، خالاس. تۇرمۇش گويا ھۆسىن گۈزەللەشتۈرۈش ئوپىراتسىيەسىنى كۈتۈپ تۇرغان تەنگە ياكى قىسمەن ئوڭشىغىلى ھەتتا قايتىدىن سالغىلى بولىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ. بارلىق مەغلۇب ئىدىيەلەردىن يىراق تۇرۇڭ، ئاشۇ بالا ـ قازا ۋە كۈلپەتلەرنى قايتا ئويلىماڭ. چۈنكى قادىر ئىگەم مۇنداق دەيدۇ: « ناۋادا سىلەر ھەقىقي مۇئمىن بولساڭلار، الله قا تەۋەككۇل قىلىڭلار.» (5: 23)

« گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇش تەرسالىق بولسا، گۇناھتىن ۋاز كېچىش جىھادتۇر. »

« ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا خۇش-خەۋەر بەرگىن »
(2: 25)

## 4

## ئىمانلىق كەپە ئىمانسىز قەسىردىن ئەلا

پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىپ،ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتۇپ، كەپىدە تۇرىدىغان مۇسۇلمان ئايال، ئاشۇ كاتتا قەسىردە تۇرىدىغان، مۇلازىملىرى ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بار ئايالدىن بەختلىك.

چىدىردا يېتىپ قوپۇپ، كۆمەچ يەپ، كۆپىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، قۇرئان ئوقۇيدىغان، الله نى ئەسلەيدىغان، بىر ئىمانلىق ئايال، ھەشەمەتلىك سارايدا، مەخمەل ھوجرىلاردا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارىنى تونۇمايدىغان، پەيغەمبىرىگە ئەگەشمەيدىغان ئايالدىن بەختلىك.

بەختنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ. ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تار ۋە ئەپسانىۋى ئەمەس. سىز بەختنى دوللار ۋە ئالتۇندىن كېلىدۇ دەپ قارامسىز؟ ياكى ئائىلە جابدۇقلىرى، كىيىم-كېچەكتىن، يىمەك-ئىچمەكتىن، قاتناش-قورالىرىدىنمۇ؟ ياق، ۋوتۇنلەي ئۇنداق ئەمەس. بەخت- قەلبتىكى رازىلىق، ئىدىيەدىكى خاتىرجەملىك، تىنىچلىقتىكى شادلىق، ياخشى مۇئامىلە، گۈزەل-ئىش-ھەركەت ۋە قانائەتچان روھى ھالەتتۇر.

« مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم

قىلىدىغان كىشى قانداقمۇ خاتىرجەملىك، رازىمەنلىك ھېس قىلالىسۇن؟»

« ھەممە ئىشنى مەڭگۈ ھايات،ئۆلمەس خۇداغا تاپشۇر.»

## 5

## قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ

بىرەر پارچە ياخشى كىتاپ ئوقۇپ بېقىڭ ياكى بىرەر تال ياخشى لېنتا ئاڭلاپ بېقىڭ. يېقىملىق «قۇرئان» غا قۇلاق سېلىڭ، بەلكىم، بىرلا ئايەت قەلبىڭىزگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ۋىجدانىڭىزنى قوزغاپ، ھىدايەت ۋە نۇر ئېلىپ كېلىشى، گۇمان ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يوقىتىشى مۇمكىن. «ياخشىلار باغچىسى» كەبى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆز-ھەركىتى خاتىرلەنگەن كىتاپلارنى ئوقۇڭ. شۇندىلا ئازغۇنلۇقتىن ياكى گۇناھتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالايسىز، مەنپەئەتلىك بىلىملەرگە ئېرىشەلەيسىز. بۇ ئىلىملەر سىزنىڭ بارچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

سىزنىڭ شىپالىق دورىڭىز ۋەھى — «قۇرئان»بىلەن«ھەدىس» تە، سىزنىڭ ئارامىڭىز ئىماندا، سىزنىڭ شاتلىقىڭىز نامازدا، سىزنىڭ خاتىرجەملىكىڭىز قانائەتتە، سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز تەبەسسۇمدا، سىزنىڭ شان-شەرىپىڭىز ھېجاپتا، سىزنىڭ تىنچلىقىڭىز مېھرىبان الله نى ئەسلەشتە.

« مەزلۇمنىڭ قارغىشىدىن ۋە مەھرۇمنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ.»

« قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ، الله سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەر ئۈچۈن كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. » (57: 23)

## 6

### بىزنىڭ بەختىمىز ئۆلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ

كىم سىزگە كىشىنى ئېزىقتۇرىدىغان مۇزىكىلار، ئەخلاقنى بۇزىدىغان ناخشىلار، پەسكەش ماغزاپ تىياتىرلار، ۋەقەلىكى يىرگىنىشلىك دىرامىلار، مەزمۇنى تېتىقسىز ژۇرناللار، شەھۋانى كىنولار بەخت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ دەيدۇ؟ سىزگە بۇلارنى كىم دېگەن بولمىسۇن بەربىر يالغان سۆزلەپتۇ. بۇ كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېيىن پۇشايمان قىلغان كىشىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ئازاپ، ئۈمۈدسىزلىك، چۈشكۈنلۈكنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا بىكار تەلەت، ئويۇن قېپى ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ، الله نىڭ يولىدىن قېيىپ كېتىشتىن پەخەس بولۇڭ. ھۆرمەت بىلەن«قۇرئان»ئوقۇڭ، پايدىلىق كىتاپلارنى كۆرۈڭ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان نۇتۇقلارنى، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاڭ. چىن دوستلۇق بەرپا قىلىڭ، دىنىي مۇراسىملارغا قاتنىشىڭ، الله نى ياد ئېتىڭ، الله تىن ئەپۇ تىلەڭ، شۇندىلا قەلبىڭىز خاتىرجەملىككە تولىدۇ.

« ساغلام قەلبتە شېرىك، ئالدامچىلىق، ئۆچ ـ ئاداۋەت ياكى ھەسەتكە ئەسلا ئورۇن يوق. »

« ئۇ ئېيتى: پەرۋەردىگارىم! كۆكسى ـ قارنىمنى كەڭ قىلغىن.» (25 :20)

## 7

## روھىيەتنىڭ نىجاتلىق كىمسىگە چىقىۋېلىڭ

مەن كۆپلىگەن ئارتىسلار،ناخشىچىلار ۋە ئەھمىيەتسىز كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھاياتلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىرىمۇ بار. مەن دېدىم: نېمىدىگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە! مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار، ئىمانلىق ئەر ـ ئاياللار، ئىخلاسمان ئەر ـ ئاياللار، رۇزىدار ئەر ـ ئاياللار، مەڭگۈ باقى اللە قا ئىبادەت قىلىدىغان ئەر ـ ئاياللار، كەمتەر، تەقۋادار ئەر ـ ئاياللار سىلەر قەيەردە؟ ئەجەبا بۇ چەكلىك ھايات مەنىسىز، بىھۇدە ئىستەكلەرگە ئىسراپ قىلىۋېتىلسە بولامدۇ؟ سىزنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ھاياتىڭىز بارمۇ؟ اللە سىزنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىڭىزغا ۋەدە بەردىمۇ؟ ياق! اللە بىلەن قەسەمكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا تەسەۋۋۇر ۋە خام ـ خىيالدۇر. ئۆزىڭىزگە قايتا بىر نەزەر سېلىڭ، ئاندىن بىر يېڭى پىلان تۈزۈڭ. تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، قوغلاپ، يېتىشىپ روھىيەتنىڭ نىجاتلىق كىمسىگە چىقىۋېلىڭ.

« پاراسەتلىك ئايال قاقاس چۆلنى يېشىل بوستانغا ئايلاندۇرالايدۇ.».

« بوران ـ چاپقۇن، قار ـ يامغۇردىن كېيىن هامان كۈن چىقىدۇ ».

## 8

## ناماز ـ ئۇ بەختنىڭ ئاچقۇچى

هەركۈنى، بەختكە قاراپ بېسىلغان تۇنجى قەدەم بامدات نامىزىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى باشلىسىڭىز، هەممىگە قادىر الله نىڭ هىمايىسى ۋە رازىلىقى ئىچىدە بولىسىز. ئۇ سىزنى بارلىق گۇناھلاردىن ساقلاپ، بارچە ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. بامدات نامىزى ئۆتىگەن پۈتۈن كىشىلەرگە خۇش ـ خەۋەر بېرىڭ. ئۇ بارچە ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولىشىنىڭ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. الله بامدات نامىزى بىلەن باشلانمىغان كۈنگە بەركەت بەرمەيدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاپ ـ ئوقۇبەت بامدات نامىزىغا سەل قارايدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە مەنسۇپ.

« تۈگىمەس مۇنازىرە، ئەرزىمەس تالاش ـ تارتىشلار تىنىچ ـ ئاراملىق تۈيغۇسىنى يوق قىلىدۇ.».

« بىز سەن ئۈچۈن كۆكسى ـ قارنىڭنى كەڭرى قىلمىدۇقمۇ؟» (1 :94)

9

## قەھرىمان ئانا

ھەججاج ئالدىدىكى ئاشۇ مويسىپىت ئايالدىن ئۆگىنىڭ. ھەججاج ئۇنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىغان ۋە ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچكەندە، ئۇ پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن مۇنداق دېدى: « مۇبادا سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭمۇ، ئۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ.»

ئاشۇ پارس مۇمايىدىن ئۆگىنىڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ توخۇ كاتىكىدىن ئامالسىز ئايرىلغىنىدا ئۇنى الله قا تاپشۇردى ۋە ئاسمانغا قاراپ نىدا قىلدى: « ئاللاھىم،مېنىڭ توخۇ كاتىكىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىسەن.»

ئەسمادەك چىدامىلىق بولۇڭ. ئۇ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى كۆرگەندە مۇنۇ مەشھۇر بىر جۈملە سۆزنى قالدۇردى: « بۇ چەۋەندازنىڭ ئاتتىن چۈشۈدىغان ۋاقتى كەپتۇ ـ دە....؟!»

خەنسادىن ئۆگىنىڭ. ئۇنىڭ تۆت بالىسى الله يولىدا شېھىت بولدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: « الله قا شۈكرى، ئۇ بالىلىرىمنى شەھىدلىككە تالالاپ، ماڭا شان ـ شەرەپ ئاتا قىپتۇ.»

بۇ ئايالالارغا ۋە ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرىغا قاراڭ!

« مەيىن شامالنىڭ ئەۋرىشىملىكى، ئېپارنىڭ خۇشبۇي ھىدى ۋە

تاغۇ ـ تاشلارنىڭ بەردەملىكىنى ۋۇجۇدىڭىزغا مۇجەسسەملەڭ .»

« بوششپ قالماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار چۇقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» (3: 139)

## 10

## دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال بولۇڭ

سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز سىزنى قۇياشتىنمۇ پارلاق قىلىۋېتىدۇ، سىزنىڭ ئەخلاقىڭىز سىزنى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي قىلىۋېتىدۇ، سىزنىڭ ئالىجاناپلىقىڭىز سىزنى تولۇن ئايدىنمۇ نۇرلۇق قىلىۋېتىدۇ، سىزنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭىز سىزنى باھار يامغۇرىدىنمۇ مەنپەئەتلىك قىلىۋېتىدۇ. ئىمانىڭىز بىلەن گۈزەللىكىڭىزنى قوغداڭ، قانائەت بىلەن خاتىرجەملىكىڭىزنى ساقلاڭ، ھجاپ بىلەن پاكلىقىڭىزنى ئاسراڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنىڭ زىبۇ - زىننىتىڭىز ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت ئەمەس. بۇلاردىنمۇ بەك يارىشىدىغىنى: سەھەردىكى ئىككى رەكئەت ناماز، الله ئۈچۈن روزا تۇتقان چاغدىكى چاڭقاش، پەقەت الله لا بىلىدىغان يوشۇرۇن سەدىقە، گۇناھلارنى يۇيىدىغان ئىسسىق كۆزياش، الله قا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۇزۇن سەجدە، شەيتان چاقىرغاندا الله تىن قىلىنغان ھايا. تەقۋالىقنى لىباس قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئورىۋېلىڭ، چۈنكى سىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال. گەرچە كۆڭلىكىڭىز كونا بولسىمۇ، ئالىجاناپلىقنى چېدىر قىلىپ ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ، چۈنكى سىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال. گەرچە يالاڭ ئاياق قالسىڭىزمۇ ئاشۇ كىشى قەلبىنى قۇترىتىدىغان، شاللاق، جاھىل ئاياللارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىن

نېرى تۇرۇڭ، چۈنكى ئۇلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرىدۇر. « ئۇنىڭغا پەقەت شورپىشانە ئادەملا كىرىدۇ.» (15 :92)

« ھاياتىڭىزدا مەيلى قەيەرگە بارماڭ، زۇلمەتكە يۇلۇققاندا قىلىدىغىنىڭىز پەقەت قەلبىڭىزدىكى ئاشۇ چىراقنى ياندۇرۇشتۇر.»

## تۆتىنجى باب

« تۇرمۇشتىكى ئازغىنە زۇلمەت تۇپەيلى قەدىمىڭىزنى تۇختاتماڭ، مەشئەل ئالدىڭىزدىلا، سىز پەقەت ئالغا بېسىپ ئۇنى ياندۇرسىڭىزلا بولدى.»

## « ئەتىگەن ئويغانغىنىڭدا، كەچكىچە ياشاشنى تاما قىلما »

## 1

### سىز شەرەپلىك ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر

ئەي ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئايال! ئەي قاچانلا بولمىسۇن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا سېغىنىدىغان مۇئمىن ئايال! سىز بارچە رەزىللىك ۋە زىيانكەشلىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىڭىز كېرەك، خۇددى خورما دەرىخىگە ئوخشاش قەيسەر بولۇڭ، مۇبادا ئۇنىڭغا تاش ئېتىلسا ئۇ پەقەت مېۋىلا تاشلاپ بېرىدۇ،ھەرگىز ئۆچ ئالمايدۇ،قىش-ياز يېشىل تۇرىدۇ،كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆز سالاھىيىتىڭىزنى چۈشۈرمەڭ. ئىززەت-ئابروي، شان-شەرىپىڭىزگە زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ. سۆزلىگەندە الله نى ئۇلۇغلاڭ، قارىغاندا ىبرنەرسە ئۆگىنىڭ، تىنچلانغاندا تەپەككۇر قىلىڭ، شۇندىلا بەخت ۋە خاتىرجەملىك تاپالايسىز، كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىسىز. ئۇلار سىزنى ماختايدۇ، سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. الله سىزدىن نەپرەت، قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشىنى قوغلايدۇ. سىز مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىدا ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كىرىسىز، ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى ئىچىدە يەڭگىل ئويغىنىسىز. بەخت تۇيغۇسىنىڭ بانكىدىكى پۇلدىن ئەمەس بەلكى الله قا ئىتائەت قىلىشتىن، ھەشەمەتلىك كىيىم-كېچەك ياكى ئىنساننى رازى قىلىشتىن ئەمەس بەلكى الله نى رازى قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىسىز.

«ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، ئۆزگىرىش ھامان ئاستا بولىدۇ، ئېغىر تۇسالغۇلارغا يولۇقىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۇلار سىزنى يېقىتىۋەتمىسۇن.»

«پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتى: سىلەر ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن ئىجابەت قىلىمەن.» (40: 60)

## 2

### الله نىڭ نىئمەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش

الله نىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن تولۇق مەنپەئەتلىنىش، تەشەككۇر ئېيتىش، ئىتائەت قىلىش. سىزنىڭ ئىچىدىغان سۈيىڭىز تولۇق، تاھارەت ئالىدىغان سۈيىڭىز پاكىز. سىز قۇياشنىڭ ئىللىقلىقىدىن، ئاينىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلىنۋاتىسىز. شاختىن مېۋە ئۈزۈپ يېيەلەيسىز، ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ ئىچەلەيسىز. دېڭىز ـ ئوكيانلارغا قاراڭ، ئېتىز ـ دالىلارنى كېزىڭ. الله قا،ھەممىگە قادىر،ئەپۇچان،ئۇلۇغ خۇداغا شۈكۈر قىلىڭ. الله سىزگە ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېئمەتلەردىن پايدىلىنىڭ، زىنھار تۇزكۇرلۇق قىلماڭ.

«ئۇلار الله نىڭ نېئمەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى.ئۇلارنىڭ تولىسى تۇزكورلاردۇر.» (16: 83)

گۈلنىڭ تىكىنىگە قاراشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىڭ. قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن نەپرەتلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نۇرىدىن بەھرىلىنىڭ. كېچە زۇلمىتىدىن يىرگىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ جىمجىتلىقىنى خىيال قىلىڭ. نېمە ئۈچۈن مەسىلىلەرگە ئۈمۈتسىز، سەلبىي ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز؟ نىمە ئۈچۈن تۇزكورلۇق تۈپەيلى بۇ نېئمەتلەرنى ئالماشتۇرىۋېتىسىز؟

«ئەجىبا سەن بۇ كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار الله قا تۇزكورلۇق قىلدى ۋە ئۆز قەۋمىنى هالاك قىلدى.» (28 :14)

بۇ ئىنئاملاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە بۇلارئۈچۈن ھەممىگە قادىر، شەپقەتلىك الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش.

« ياماندىن ياخشىغا ئايلىنىش ئۇزاق مۇددەتلىك، لېكىن ئاجايىپ مۆجىزە.»

« الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار.» (39: 53)

## 3

## رىزىق تەۋبە ـ ئىستىغفار بىلەن بىللە

بىر ئايالنىڭ بايانى:

مەن ئوتتۇز نەچچە ياش ۋاقتىمدا ئېرىم ئالەمدىن ئۆتتى، بىزنىڭ بەش بالىمىز بار ئىدى. دۇنيا ماڭا بىردىنلا قاراڭغۇ بىلىندى، ئۇدا يىغلىدىم ھەتتا ئەنسىزلىكتىن يىغلاۋېرىپ كۆزۈمدىن ئايرىلدىم. ئۆز تەقدىرىمدىن ئاغرىنىپ، ئۈمۈتسىزلىك پاتقىقىغا پاتتىم. باللار كىچىك، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى يوق دىيەرلىك ئىدى. مەن ئېرىم قالدۇرغان پۇلنى ئاۋايلاپ سەرىپ قىلدىم. بىركۈنى ئۆيدە رادىئونى ئېچىپ، «قۇرئان» ئاڭلىتىشقا توغۇرلاپ، بىر ئالىمنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: «الله نىڭ ئەلچىسى مۇنداق دەيدۇ: كىم الله تىن داۋاملىق مەغفىرەت تىلەيدىكەن،الله ئۇنى ئۈمۈدسىزلىك ۋە خاپىلىقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.» شۇندىن كىيىن مەن ئۇزۇلدۇرمەي مەغفىرەت تىلىدىم، باللىرىمدىنمۇ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئالتە ئايدىن كىيىنكى بىر كۈنى، بىر ئۆي ـ مۈلۈك سودىگىرى ئۆيىمىزگە كېلىپ نەچچە مىليون سومغا ئائىلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنى سېتىۋالدى. كېيىن بىر ئوغلۇم بۇ يەردىكى «قۇرئان» نى تولۇق يادقا ئالغان تۇنجى ئوقۇغۇچى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. شۇندىن باشلاپ ئائىلىمىز بەختتكە چۆمدى، ياخشى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولدۇق. الله قىز ـ ئوغۇللىرىمنى ساغلام چوڭ قىلىپ،

غەم ـ ئەندىشە، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە چۈشكۈنلۈكمنى ئېلىپ كەتتى، مېنى ئەڭ خوشال ئايالغا ئايلاندۇردى.

« مۇبادا سىز ئۇمۇتسىزلىك پاتقىقىغا پاتسىڭىز،ئۇنىڭدىن ھېچنىمە ئۆگىنەلمەيسىز،بەلكى مەڭگۈ خوشاللىق تاپالمايسىز.»

« الله نىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، پەقەت كاپىر قەۋملا الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.» (87 :12)

## 4

## دۇئا قايغۇ ـ ھەسرەتنى يوقىتىدۇ

مېنىڭ بىر تەقۋادار، ئىخلاسمەن دوستۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. بۇ ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا قىلدى، گويا دۇنيا قاپقاراڭغۇدەك. بىر ئالىم ئۇنىڭغا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىپ، الله تىن ئەپۇ ـ مەرھەمەت تىلەش، ئايالىغا زەم ـ زەم سۈيى ئىچكۈزۈش ھەمدە ئىچىشتىن ئىلگىرى قۇرئان ئوقۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ بويىچە قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ ئايالىمۇ قۇرئان ئوقۇشنى باشلىدى. بامداتتىن كۈن چىققۇچە، شامدىن خۇپتەنگىچە ئايالىغا ھەمراھ بولۇپ الله تىن ئەپۇ ـ مەرھەمەت تىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئايالىنىڭ كېسىلى ساقايدى. ئۇنىڭ چاچ، تېرىلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەۋبە، ئىستىغفار، ناماز ئىبادىتىگە بېرىلدى. شان ـ شەرەپ شىپالىق بەرگۈچى ـ ساغلاملىق ئاتا قىلغۇچى الله قا مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر.

ھەمشىرەم! مۇبادا سىز كېسەل بوپقالسىڭىز الله قا، ھەممىگە قادىر خۇداغا سېغىنىڭ، ئۇنىڭدىن كۆپلەپ ئەپۇ تىلەڭ، نالە قىلىڭ، تەۋبە

قىلىڭ، خوشال بولۇڭ. چۈنكى الله دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئازابىڭىزنى يەڭگىللىتىدۇ، زىيانلىق نەرسىلەرنى قوغلايدۇ.

« بىشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟» (27: 62)

« ئۆتمۈشىڭىز ۋە هازىرىڭىزنى تەكشۈرۈڭ. چۈنكى تۇرمۇش ئۆزۈكسىز مۇۋەپپىقىيەتنى بايقايدىغان تەجرىبە.»

« ئۇ مۇئمىنلەرگە مېھرىباندۇر.» (33: 43)

# 5

## ئۈمىدسىزلىك ۋە ئارسالدىلىقتىن ساقلىنىڭ

بىر ئانا بولۇپ، ئۇنىڭ يىگانە تۇققىنى ـ ئوغلى تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ كېچىلىرى يىغلاپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ، دەرت ـ پىراق ئۇنى تامامەن يەپ كېتىپتۇ. يىغلاپ كۆزياشلىرى قۇرۇپتۇ. الله ئۇنى « الله قا تايانماستىن كۆچ ـ قۇۋۋەت، چارە ـ تەدبىر يوق » دېيىشكە يېتەكلەپتۇ. ئۇ بۇلۇغ ھەمدۇ ـ سانانى (ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەتتىكى بىر خەزىنە) تەكرار ئوقۇپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ بالىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن نائۈمىد بولۇپ تۇرغاندا،ئوغلىنىڭ ئىشىك قاققان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. مانا بۇ الله قا ئىشەنگەننىڭ، نالە قىلغاننىڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەۋەككۈل قىلغاننىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتى. شۇڭا دائىم « الله قا تايانماستىن كۆچ ـ قۇۋۋەت ۋە چارە ـ تەدبىر يوق » دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئىسىڭىزدە تۇتۇڭ. ئۇ مۇۋەپپىقىيەت ۋە بەخىت ـ سائادەتنىڭ سىرى. بۇنى كۆپ ئوقۇڭ، ئۇ رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان ئازاپلىرىڭىزنى ۋە ئەندىشىڭىزنى قوغلايدۇ. الله پات ئارىدا سىزگە بەخىت ۋە چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. ئىشەنچنى يوقىتىشتىن،ئىسەنگىرەشتىن پەخەس بولۇڭ. چۈنكى قىيىنچىلىقتىن كېيىنكىسى ئاسانلىقتۇر. بۇ نۇقتىدا قىلچە شەك يوق. ئاكتىپ ھالدا، ئۇلۇغ الله قا يۈزلىنىڭ، چىن قەلبىڭىزدىن ئۇنىڭغا يۆلىنىڭ، ئۇنىڭدىن بىر چىقىش يولى بېرىشنى تىلەڭ ھەم سەۋىرچانلىق

بىلەن كۆتۈڭ.

« مەسىلىڭىزنى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان تېمىغا ئايلاندۇرىۋالماڭ،بولمىسا ئۆزىڭىز بىلەن بەخىت ئوتتۇرىسىغا بىر توساق سالغان بولىسىز.»

« پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر » (53: 32)

## 6

## ئائىلە ـ شان ـ شەرەپ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت خاندانىدۇر

سۆيۈملۈك ھەمشىرەم، زۇرۇر ياكى مۇھىم ئىشلار بولماستىن ئائىلىڭىزدىن ئايرىلماڭ. چۈنكى ئائىلە بەخت ـ سائادەتنىڭ بۇلىقى.

« سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا تۇرۇڭلار.» (33:33)

ئائىلىدە سىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىسىز، شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ئابرويىڭىزنى قوغدىيالايسىز. قىممىتى يوق ئايال ھەمىشە مەقسەتسىز بازار ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بار يوق ھەۋىسى ئېقىمغا ماسلىشىشتا، مودا قوغلىشىشتا، ماگزىنلارغا بېرىپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى سۈرۈشتە قىلىشتا. ئۇنىڭ ئىمان، دەئۋەت دېگەنلەر بىلەن خۇشى يوق، بىلىم ئېلىش، تەربىيلىنىش نىيىتى يوق. ئۇ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدۇ، پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئائىلىڭىزدىن يىراقلاشماڭ. چۈنكى ئۇ سائادەتلىك، بەختەر، تىنىچ جاي، كىشىگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدىغان پاناگاھ. ئائىلىڭىزنى مېھىر ـ شەپقەت، سېخىلىق، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇڭ.

« دەرتلىرىڭىزنى ياخشى سۆز ۋە پىكىر ـ تەكلىپلىرى بىلەن سىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان ئاشۇ ئادەملەردىن باشقىغا تۆكمە.»

« مۆئمىن نېمىدىگەن بەختلىك ـ ھە! ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا ياخشىلىق باردۇر.» (ھەدىس)

## 7

## قۇرۇق پاراڭغا ۋاقتىڭىز يوق

مەڭگۈ يۈز بەرمەيدىغان ئىشلارنى دەتالاش، بەس ـ مۇنازىرە قىلىش كىشىنى غەم ـ ئەندىشە ۋە ئاۋارىچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ھېچقاچان، ئوخشىمىغان قاراشقا يول قويۇلىدىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنى قايىل قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. ئەمما ئۆز قارىشىڭىزنى قىسقىچە بايان قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئاچچىقلىماڭ ياكى باشقىلارغا بېسىم قىلماڭ. بىراۋنى ھەددىدىن زىيادە ئەيىپلىمەڭ ياكى تەنقىد قىلماڭ. بۇنداق قىلىش سىزنى ۋەھىمىگە سالىدۇ، باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ. بىرخىل دوستانە، ئىللىق شەكىل بىلەن دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دەڭ، شۇندىلا باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيسىز ھەم ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرالايسىز. يەنە كېلىپ، گۇمان ۋە ئەندىشە غەيۋەت قىلىشنى ۋە باشقىلارنى ھاقارەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل قىلمىش ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ، گۇناھ يۈكلەيدۇ، خاتىرجەملىكنى بۇزىدۇ. شۇڭلاشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز سەۋەنلىكىڭىزنى تۈزىتىڭ، باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا ئېسىلىۋالماڭ. الله بىزنى مۇكەممەل، كەم ـ كۈتىسىز ياراتقىنى يوق، بىز ھامان خاتالىق ئۆتكۈزىمىز. ئاشۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز خاتالىقىنى تۈزەپ، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كوچىلىمايدىغان كىشىلەرگە

خۇش بىشارەت بولسۇن.

« مۇبادا بىر بالا ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشسە ،ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىكى كۆڭۈل قويۇپ يارا ئېغىزىنى بىر تەرەپ قىلىشتۇر، ھەرگىزمۇ يىغلاپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش ئەمەس.»

« بىلگىنكى، ساڭا تېگىشلىك ئىش سەندىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.» (ھەدىس)

## 8

### كۆڭلىڭىز خۇرسەن بولسا پۈتۈن دۇنيا سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ

ھاياتقا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك، ئۇمۇتۋار پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. چۈنكى ئۇ الله ئىنسانغا ئاتا قىلغان سوۋغا. يىگانە خۇدانىڭ سوۋغىسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ. نۇرلۇق تاڭ شەپىقىنى، كېچە جىمجىتلىقىنى، كۈندۈز يورۇقلىقىنى باغاشلاڭ. شۈكرانە قەلب بىلەن بۇ سۈزۈك سۇنى ئىچىڭ، رازىمەن قەلب بىلەن ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىڭ. قىزىل گۈلنىڭ خۇش ھىدى ئۈچۈن الله قا مەدھىيە ئوقۇڭ. كائىناتنىڭ ئاجايىباتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىلىم ئىزدەڭ. كەڭ زېمىن ئاتا قىلغان بەختيار سوۋغاتلار ـ چىرايلىق گۈللەر، ساپ ھاۋالار، شادىمان چاغلار، ئىللىق قۇياش نۇرى، نەپىس ئاي شولىسىدىن ھوزۇرلىنىڭ. بۇ ئىلتىپاتلار سىزنى الله قا، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلىشقا، تەشەككۇر ئېيتىشقا، رەھىمدىللىكى ۋە سېخىيلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرسۇن. غەم ـ قايغۇ بۇ نېئمەتلەرنى كۆرۈشكە توسالغۇلۇق قىلىپ، سىزنى نېئمەتنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويمىسۇن. ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىنىڭ ئىنئاملىرىنى يادىڭىزدا تۇتۇڭ. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە ياردەم بېرىڭ.

« ئى پەيغەمبەرلەر، ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى

قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن.» (23: 51)

«ھەقىقىي مەرتىلىك ئاشۇ ھېچنىمىسى يوق بىراق بىر ئېغىز ياخشى گەپنىڭ، بىر قېتىملىق تەبەسسۇمنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىلەردە بولىدۇ.......»

«كىم اللە تىن قورقىدىكەن،اللە ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ.» (65: 2)

## 9

## مۇتلەق شاد ـ خۇرام ئادەم يوق

مۇبادا سىز، تۇرمۇش يۈزدە يۈز كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتىشى كېرەك، دەپ قارىسىڭىز ئېغىر بىر خاتالىق سادىر قىلغان بولىسىز. بۇ پەقەت جەننەتتىلا بولىدۇ. ئەمما بۇ دۇنيادا بەخىت بىلەن خوشاللىق نىسپىيدۇر. سىز خالىغاننىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيسىز، ھامان بىر قىسىم مەسىلىلەر، كېسەللەر، قىيىنچىلىقلار، ئاۋارىچىلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئازادىچىلىكتە شۈكرى قىلىش، تارچىلىقتا سەۋىر قىلىش، بەك غايىۋىي بولۇپ كەتمەسلىك. كېسەل بولماي مەڭگۇ ساغلام تۇرۇشنى، نامرات بولماي مەڭگۇ باي بولۇشنى، مەڭگۇ شادىمان بولۇپ، شاتلىقىڭىزنى بۇزىدىغان ھېچ ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئارزۇ قىلماسلىق. شۇنداقلا كەم ـ كۈتىسىز ئەر، سەۋەنلىكى يوق دوستىنى خام ـ خىيال قىلماسلىق. بۇ مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ كەمچىلىكلەر ۋە سەۋەنلىكلەرگە قانداق پەرۋا قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىش. پەقەت ياخشى، ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىگە قاراش، ھامان باشقىلارغا ياخشى گۇماندا بولۇش، ئۇلارنىڭ بىخەستىلىكى ئۈچۈن يوللۇق باھانە ئىزدەش. ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن، پەقەت اللە قىلا تاپشۇرۇش چۈنكى ئادەم تاپشۇرۇشقا،تايىنىشقا يارىمايدۇ.

« شۈبھىسىزكى، ئۇلار سەندىن اللە تىن كەلگەن ھېچنەرسىنى

تۇسالمايدۇ.» (45: 19)

« تۇرمۇشىڭىزدا قىسمەن قاراڭغۇلۇقلار بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىمىڭىزنى توختاتماڭ، ماياك ئالدىڭىزدىلا، سىز پەقەت ئالغا ئىلگىرلەپ ئۇنى يورۇتسىڭىزلا بولدى.»

« كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.» (4 :65)

10

## بىلىم باغچىسىغا مەرھەمەت

بەخت ـ سائادەت يوللىرىدىن بىرى دىنىنى چۈشۈنۈشتۇر. دىن ئۆگىنىش قانائەت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە الله نى رازى قىلىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: « الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.»، شۇڭا ئاسان تاپقىلى بولىدىغان، ئىسلامى بىلىملەرنى ئاشۇرىدىغان كىتاپلارنى كۆپ ئوقۇڭ. مەسىلەن: «ياخشىلار باغچىسى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ يولى»، «قىسقىچە ئىسلام تارىخى »، «قۇرئان تەپسىرى» ۋە باشقا پايدىلىق كىتاپلار. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەڭ ياخشى ئىش «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تىن ئۆگىنىپ، الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرىغانلىرىنى تونۇشتۇر. ھەدە ـ سىڭىللىرىڭىز بىلەن كۆپرەك قۇرئان ئوقۇڭ، ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ بارىچە ئاڭلاڭ ۋە ئەمەل قىلىڭ. چۈنكى شەرىئەتنى بىلمەسلىك كۆڭۈل قارىلىق ۋە غەم ـ ئەندىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە كىچىك بولسىمۇ، پايدىلىق كىتاپلار ۋە پىلاستىنكىلارغا تولغان بىر ئائىلە كۇتۇپخانىڭىز بولسۇن. چولپانلارنى قوغلىشىش، ماغزاپ تىياتىرلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى ھاياتىڭىزدىكى ھەربىر دەقىقىدىن ھېساپ ئېلىنىدۇ. سىزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىڭىز الله نى، ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدانى رازى قىلىشقا سەرپ

قىلىنىشى كېرەك.

« ئۆزىگە ئىشەنگۈچىنىڭ تەبەسسۇمى بىلەن ئەڭ قىيىن ئىشلار ئاسان بولىدۇ.»

# بەشىنجى باب

## « بەخىت ئۆزىگىزدە، زىنھار قولدىن بەرمەڭ »

« الله شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىشى مۇمكىن.»
(65: 1)

## 1

## تۆكۈلگەن ياشلار ۋە ئۆرتەنگەن دىللارنى ئەسلەپ

بىر ئەدىب ئېيتقان ئىكەن: « مۇبادا سەن ئۆزۈڭنى ۋاقىت بىلەن توختاملاشقان دەپ قاراپ، تۇرمۇشىڭدىكى بارچە ئىشلارنى كۆڭۈل ھېسلىرىڭ بويىچە ئورۇنلاشتۇرساڭ، شۇنداقلا بۇنىڭدىن مەمنۇن بولساڭ، ئۇنداقتا بۇ توختام كۈچكە ئىگە بولمىغاندا ياكى سەن بىلەن غايەڭ ئارىسىغا توسالغۇ چۈشكەندە، ئۆزۈڭنى قايغۇ ـ ئەلەمگە قويىۋەتسەڭ بولىدۇ. ئەمما ئىشلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ بىر تۇغقانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ ساڭا بەرگەن سوۋغىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۇنى ھامان كېلىپ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ مەيلى كاتتا قەسىرلەردە بولسۇن ياكى ئاددى كۆلبەلەردە ياشىسۇن بارچە ئادەم بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولساڭ، ئۇ ھالدا قايغۇ ـ ھەسرەتنى يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ باق، كۆز ياشلىرىڭنى سۈرتىۋەت. چۈنكى ئاپەتكە ئۇچرىغان يالغۇز سەن ئەمەس، كۈلپەتلىك،قايغۇلۇق يىللاردا سەن يولۇققان مەسىلىلەر ناتونۇشمۇ ئەمەس، ناھەقمۇ ئەمەس.»

« بۇرۇنقى گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن يىغان چەكمەڭ، ئويلاپ بېقىڭ، قايسى

ئەمەللەر بىلەن ئۆنى يۆيالايسىزكىن؟»

« بالادىن دۇئا تۇغۇلار »

## 2

## بۇ كىشىلەر ئەسلا بەختلىك ئەمەس

راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدىغان كىشىلەرگە ھەۋەس قىلماڭ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تولىمۇ بىچچارە. پەقەت ئۆزىنىڭ ھەشەمەتچىلىكى ئۇچۇن پۇل خەجلەشكىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھالال ـ ھارام دېمەي، نەفسى ـ خاھىشى ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر ھەرگىزمۇ بەختلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بېسىم، ئەندىشە ۋە غەم ئىچىدە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. چۈنكى الله نىڭ يولىدىن چەتنەپ، الله قا ئاسىيلىق قىلىپ بەخت تاپالىغان بىرمۇ ئادەم يوق. شۇڭا كەيىپ ـ ساپادا ياشاۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنى شاد ـ خورام، كۆڭۈللۈك دەپ ئويلاپ قالماڭ، تامامەن ئۇنداق ئەمەس. شاخ ـ تام ئۆيلەردە تۇرىۋاتقان بىرقىسىم نامرات ئاياللار ھەشەمەتلىك قەسىرلەردە ئۇخلايدىغان ئاشۇ ئاياللاردىن تېخىمۇ بەختلىك. چۈنكى بۇ نامرات بۇيۇك الله قا ئىشىنىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن الله قا ئىبادەت قىلىدىغان كىشى ھەق يولدىن ئازغان كىشىدىن بەختلىكتۇر.

« بەخت ئۆزىڭىزدە، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭ.»

« بىلگىنكى، الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.» (47: 19)

## 3

## الله نىڭ يولى يەنىلا ئەڭ ياخشى يولدۇر

بەخت دېگەن نىمە؟ بەختنى مال ـ دۇنيا، ئەمەل ـ مەنسەپ، نام ـ ئابروي ئىچىدىن تاپقىلى بولامدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ نۇرغۇن جاۋابى بار. بىز ئاۋال مۇنۇ ئايالنىڭ بەختىگە قاراپ باقايلى:

بىر ئەر ئايالى بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، « مەن سېنى بەختسىز قىلىۋېتىمەن »دەپتۇ. « قىلالمايسىز » دەپتۇ ئايالى پەرۋاسىزلا. « نىمىشقا » دەپ سوراپتۇ ئەر. ئايال دەپتۇ: «مۇبادا بەخت پۇل ـ مال ياكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەتتە بولغان بولسا سىز مەندىن بۇلارنى تارتىۋالالايتتىڭىز، ئەمما مېنىڭ بەختىم ئىمانىمدا، ئىمانىم قەلبىمدە، ئىگەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا تىگەلمەيدۇ.»

مانا بۇ ھەقىقى بەخت ـ ئىمانى بەخت. پەقەت ئىدىيىسى، روھى الله نى قىزغىن سۆيۈش بىلەن تولغان ئاشۇ كىشىلەرلا بۇنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيدۇ.بەخت يىگانە الله نىڭ ئىلكىدە. بىز الله قا سېغىنىش، ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق بەخت ئىزدىشىمىز كېرەك.

بەخت ئىزدەشنىڭ يىگانە ئۇسۇلى الله نىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى ئۆگىنىشتۇر. ئومۇمەن، بىر ئادەم بۇ يولنى ئىزدەپ تاپىدىكەن، مەيلى ئۇ كەپىدە ئۇخلىسۇن ياكى يول ياقىسىدا ياتسۇن ۋە ياكى بىر بۇردە نان بىلەن كۈن ئالسۇن، بۇ ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم بولىشىغا

دەخلى قىلمايدۇ. ئەمما بۇ يولدىن ئازغان كىشى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە تولغانلىقىنى، مال ـ مۈلكىنىڭ يوقالغانلىقىنى،تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىنى، ئاقىۋىتىنىڭ رەسۋالىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

« بىزنىڭ ياشاش ئۈچۈن پۇلغا مۇھتاج بولىشىمىز، بىزنىڭ پۇل ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ.»

« ئى الله، بىز سەندىن ئەپۇ ۋە مەرھەمەت تىلەيمىز.»

## 4

## ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلمىگەندە الله تىن مەدەت تىلەڭ

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ:

« بىر ئىشلار مېنى ئىنتايىن بىئارام ۋە غەمناك قىلدى. مەن بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بارمۇ يوق دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەمما ئۇشتۇمتۇت مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ قالغۇچە، ھېچ بىر چىقىش يولى تاپالمىدىم. « كىمكى الله تىن قورقىدىكەن ،الله ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ.» (2 :65) شۇنىڭ بىلەن، مەن تەقۋادارلىقنىڭ بارچە خاپىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ۋە تەقۋالىق يولىغا ماڭغاندىن كېيىن، تېزلا چىقىش يولى تاپتىم.»

دانالارغا نىسبەتەن تەقۋادارلىق بارچە ئىشلارنى ياخشىغا بۇراشنىڭ ئۇسۇلى. ئاپەتنىڭ كېلىشى پەقەت جىنايەتنىڭ نەتىجىسى. پەقەت تەۋبىلا ئۇنى يوقىتالايدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە غەم ـ ئەندىشە سىز سادىر قىلغان جىنايەتنىڭ جازاسى. مەسىلەن: نامازغا سەل قارىدىڭىز، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، كىيىنىش ۋە باشقا ھارام ئىشلارغا دىققەت قىلمىدىڭىز. كىمكى ئۇلۇغ الله نىڭ شەرئىتىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەيدۇ. بەختنى ياراتقان مېھرىبان، شەپقەتلىك، يىگانە الله تۇرسا سىز قانداقسىگە الله تىن باشقىدىن بەخت ئىزدەيسىز؟! ناۋادا ئىنسانىنىڭ بەختنى كونترول قىلىش

ئىقتىدارى بولسىدى، دۇنيادا ھەسرەت چېكىدىغان بىرمۇ ئادەم بولماس ئىدى.

« سىزنى ئامالسىز قالدۇرىدىغان بارلىق خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاڭ. دىققىتىڭىزنى يىغىپ مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەڭ. شۇندىلا مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايسىز.»

« مەن خۇددى بەندەم ئۇمىد قىلغاندەك » (ھەدىس قۇددۇس)

## 5

## ھەربىر كۈن تامامەن يېڭى باشلىنىش

الله نىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلىشىپ، مەرھەمىتىدىن ئايرىلغاندا، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، گۈزەللىك، بىلىم..... قاتارلىق بۇ نىئمەتلەر ئاپەت ۋە زەخمەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ الله تىن يىراقلىشىش پەقەت يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. الله مۇ كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراقلىشىشنىڭ ئاقىۋېتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ناۋادا سىز كوچىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا بىر ماشىنا ئوقتەك ئېتىلىپ كەلسە ۋە سىز بۇ ماشىنا مېنى سوقىۋېتىدىغان بولدى دەپ، قارىسىڭىز، ئۇ چاغدا، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى چاپسان قاچۇرۇشتىن باشقا تاللىشىڭىز قالمايدۇ. ھالبۇكى، الله ئۆز بەندىلىرىگە شۇنداق تۇيغۇلارنى ھېس قىلدۇرۇشنى خالايدۇ . شۇڭا الله كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆزىدىنلا پاناھ تىلىشنى كۆپ تەۋسىيە قىلىدۇ.

« (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى)، الله تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىڭلار)، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. سىلەر باشقا بىر مەبۇدنى ئاللاھقا شېرىك قىلماڭلار، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.» (51: 50 ـ 51)

الله قا قايتىش ئۇچۇن، بىر ئادەم ئۆزىنى قايتىدىن تونۇمىقى، تۇرمۇشىنى

يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرمىقى، پەرۋەردىگارى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتمىقى، تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلمىقى لازىم. تۆۋەندىكى دۇئا بۇ يېڭى قەسەمنى خۇلاسىلىگەن:

«ئى رەببىم، سەن مېنىڭ ئىگەم، سەندىن ئۆزگە ئىگەم يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ساڭا بەرگەن قەسىمىمگە كاپالەتلىك قىلىمەن. شۇنداقلا، سېنىڭ ۋەدەڭگە قارىتا ئۈمىدۋار ياشايمەن. ساڭا سېغىنىپ قىلمىشلىرىمنىڭ زىيان يەتكۈزىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا بەرگەن ئىنئاملىرىڭنى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. مېنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى سەندىن ئۆزگە گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغۇچى يوق.»

«مۇبادا بىر ئىشتا مەغلۇپ بولسىڭىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئازاپلانماڭ، گۇمانلانماڭ، سىز هامان مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالايسىز.»

« ھەدە ـ سىڭىللىرىڭىزغا تەبەسسۇم بىلەن قاراشمۇ بىرخىل سەدىقە.»

## 6

## ئايال گويا كۆكتىكى چولپان

ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئايال ئۆز ئېرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىدىن قالسىلا ئۆز ئېرىگە بويسۇنىدۇ. پەيغەمبىرىمىزدىن قايسى ئايال ئەڭ ياخشى، دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: « ئېرى قارىسا خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆزى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قارىتا ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان ئايال.». دېمەك، الله نىڭ ئەلچىسى مۇشۇنداق ئاياللارنى ماختىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەرلەر قوغلىشىشقا تېگىشلىك كۆڭۈلدىكىدەك ئاياللار دەپ ھېساپلىغان.

بۇيۈك الله « ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا دەرتلىك ئازاپ بىلەن بىشارەت بەرگىن،» (34 :9) دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەندە، ئۆمەر سەۋبان بىلەن بىرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەن ۋە « ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، بۇ ئايەت ساھابىلىرىڭىزگە ئېغىر كەلدى.» دېگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىگەن: « مەن ساڭا ئەر كىشى ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى بايلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ قارىغاندا خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىغاندا ئىتائەت قىلىدىغان، ئايرىلغاندا ئامانەتكە رىئايە قىلىدىغان سالىھە ئايال.»

الله نىڭ ئەلچىسى بىر ئايالنىڭ جەننەتكە كىرىش ـ كىرمەسلىكىنى

ئۇنىڭ ئېرىنى رازى قىلغان-قىلمىغانلىقىغا باغلىدى.بۇ ھەقتە ئۇممۇ سەلىمە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قايسىبىر ئايال، ئېرى ئۆزىدىن رازى بولغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ». مۇشۇنداق ئايال بولۇڭ، چوقۇم بەختلىك بولىسىز.

«بىرىنچى قاتاردا مەڭگۈ بوش ئورۇن بار، ئۇنىڭغا ئېرىشىشىنىڭ شەرتى ھەرقانداق ئىش قىلغاندا كۆڭۈل قويۇپ قىلىشتۇر.»

« تىرىكلىكىڭىزدىن خوشال بولۇڭ.»

## 7

## هارامدىن ئۆلۈم ياخشى

ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئۆمەر ئۈچ كىشىنىڭ غاردا قونغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى:

بىر پارچە تاش غار ئۈستىدىن چۈشۈپ، غار ئېغىزىنى توسۇۋالدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىۋېلىشىنى تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى كىشى مۇنداق دەيدۇ:

« ئى الله! مېنىڭ تاغامنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم (يەنە بىر رىۋايەتتە: مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ بىر ئايالغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، دېيىلگەن). مەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندۇم، بىراق ئۇ مېنى رەت قىلدى. بىر يىلى ئۇ قىيىنچىلىقتا،ئېغىر مۇھتاجلىقتا چۈشۈپ، قېشىمغا ياردەم سوراپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا تەلىپىمگە قوشۇلۇش شەرتى بىلەن، بىر يۈز يىگىرمە دىنار بەردىم. ئەمما مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىمدا، ئۇ ماڭا: الله تىن قورققىن،نىكاھسىز بۇنداق قىلمىغىن، دېدى...»

بۇ بىر دىيانەتلىك قىز بولۇپ، ئەسلىدە، بۇنداق يولسىزلىقنى قۇبۇل قىلالمايتتى. بىراق، نامراتلىق تۈپەيلى ئېغىر كۈنگە قېلىپ، باشقا تاللىشى قالمىغاچقا ئامالسىز ماقۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر نەۋرە

ئاكىسىغا ھەيۋەتلىك اللە تىن قورقۇشىنى ئەسكەرتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ سۆزى بۇ كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئىمانىنى ئويغاتتى. ئۇ بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن بىرگە بولماقچى بولسا يولسىزلىق بىلەن ئەمەس بەلكى يوللۇق ئەمرىگە ئېلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. قىزنىڭ سۆزى ئۇنى توسۇپ، قۇدرەتلىك، شەپقەتلىك اللە قا تەۋبە قىلىشقا ئېلىپ باردى ۋە ئۆڭكۈرنى توسۇپ تۇرىۋاتقان ئاشۇ قورام تاشنىمۇ ئازراق يۇرۇشتۇردى.

« غەم ـ ئەندىشە بىلەن قانداق ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. شۇندىلا ئۇ ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ.»

« تۇرمۇش ئىدىيەنىڭ مەھسۇلى.»

## 8

## ئىلھام بەخش «قۇرئان» ئايەتلىرى

ئۇلۇغ اللە ئېيتىدۇ:

« قىيىنچىلىقتىن كېيىن اللە ئاسانلىق بېرىدۇ.» (7 :65)

« ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر، سەۋىر قىلىڭلار، چىداملىق بولۇڭلار، ھۇشيار بولۇڭلار، اللە تىن قورقۇڭلار.شۇندىلا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىسىلەر.» (3: 200)

« سەۋىر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا: شۈبھىسىزكى، بىز اللە نىڭ ئىلكىدىمىز، چوقۇم اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، دەيدۇ.» (156 ـ 155 :2)

« ئۇلار ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. رەھمىتىنى يايىدۇ. ئاللاھ (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.» (42: 28)

« پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارلا ھېساپسىز ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.» (10 :39)

« سەندىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارچە ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.» (87 :21)

«قۇرئان» سىزنى خۇشال ـ خۇرام، ئامان ـ ئېسەن ياشاشقا، پەرۋەردىگارىڭىزغا ئىشىنىشكە، اللە نىڭ ھەق ۋەدىسىگە قارىتا

قەلبىڭىزنى ئېچىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى الله ئىنسانىيەتنى ئازاپلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىناش، پاكلاش، تەربىيەلەش ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ ئىنسانغا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك مېھرىبان. ئۇنى ئەسلەش، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىش، ئۇنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش بىلەن ئۇنىڭدىن ــ ئۇلۇغ، مەدھىيەگە لايىق پەرۋەردىگاردىن رەھىم ـ شەپقەت، ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق تىلەڭ.

« ئەڭ يامىنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭ،باشقىلىرى ئاسان تۈيۈلىدۇ.»

« ئاياللار ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكى يېتەرلىك شان ـ شەرەپتۇر.»

## 9

## مېھرىبان ئاللاھنى تونۇش قايغۇ ـ ھەسرەتنى قوغلايدۇ

الله سېخى،شەپقەتلىك خۇدا. ئۇ ھەمىشە بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ كۆپ رىزىق بېرىدۇ، ھەتتا ئۇلار تەلەپ قىلمىسىمۇ. ئۇ كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ ئالقىشلاپ، ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ بەندىلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ.

« ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ،ئۇ ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر.» (29 :55)

الله بارچە كىشلەرنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلاپ زېرىكىپ قالمايدۇ. بەندىلىرىنىڭ تولا دۇئا قىلىشىدىن ئاۋارىچىلىق ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئۈزۈكسىز ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، تىلىنىشتىن مەمنۇن بولىدۇ. دۇئا قىلىنمىغاندا بولسا غەزەپلىنىدۇ. ئۇ بەندىلىرىگە كۆيۈنىدۇ، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىگە كۆيۈنمىگەن تەقدىردىمۇ. ئۇ بەندىلىرىنىڭ خاتالىقىنى ياپىدۇ، گەرچە ئۇلار يېپىشنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ. قەلبىمىز قانداقمۇ ئۇنى سۆيمەي تۇرالىسۇن! ئۇنىڭدىن ئۆزگە ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرغۇچى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغۇچى، سەۋەنلىكلەرنى يۆگىگۈچى، دەرت ـ ئەلەمنى يوقاتقۇچى، ئۈمىدسىزلىكنى

ساقايتقۇچى،خەير ـ ئېهسان ۋە مېهىر ـ شەپقەت ئاتا قىلغۇچى يوق.

الله،ئۇلۇغ خۇدا، ئېهسان قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ سېخىيسى،كۆيۈنگۈچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ شەپقەتلىكى، قوللىغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى، هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى، هاۋالە قىلىنغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچىلىكى. ئۇ بەندىلىرىگە ئانىنىڭ بالىغا كۆيۈنگىنىدىن بەكرەك كۆيۈنىدۇ. بەندىلىرى ئۇنىڭدىن ئەيۇ سورىغاندا، ئۇ گويا باياۋاندا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، هاياتتىن ئۈمۈد ئۈزەي دەپ قالغاندا، ئاران تېپىۋالغان ئاشۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن بولىدۇ.

« سىز چىقارغان قارارىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى، كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى شادلىق سەرگۈزەشتىڭىز بولۇشىنى تىلەڭ.»

« الله پىرئەۋىنىڭ ئايالىنى مۆئمىنلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلدى.» (66: 11)

## 10

## بەختكە نائىل بىر كۈن

بامدات ئوقۇغىنىڭىزدا قىبلىگە ئالدىڭىزنى قىلىپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئون،ئون بەش مىنۇت تىنىچ ئولتۇرۇپ، الله نى ئەسلەشكە، دۇئا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. الله تىن گۈزەل بىر كۈننى، مۇبارەك بىر كۈننى، بەختلىك بىر كۈننى؛ مۇۋەپپىقىيەتلىك ، خەيرلىك ۋە ئىجادىيەتلىك بىر كۈننى؛ ئاپەتسىز، مۇسىبەتسىز ۋە مۇشكۈلاتسىز بىر كۈننى؛ رىزقى مول، ياخشىلىقى تولۇق، غەمخورلۇقى چوڭقۇر بىر كۈننى؛ غەمسىز، دەرتسىز ۋە مۇشەققەتسىز بىر كۈننى تىلەڭ. بىز بەخت، رىزىق ۋە بارچە ياخشىلىقلارنى الله نىڭ دەرگاھىدىن تاپالايمىز. مۇبادا سىز مۇشۇنداق دۇئا قىلسىڭىز چوقۇم گۈزەل، بەختلىك، مەنپەئەتلىك بىر كۈنگە ئېرىشەلەيسىز. ئىنشا الله!

مۇبادا قىلغۇدەك ئىشىڭىز بولمىسا ياكى ئولتۇرۇپ قىلىدىغان ئىش بولسا تەۋسىيەم: ئۈنئالغۇ ياكى رادىئودىن ئاشۇ كەمتەر قارىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن قىلغان قىرائىتىنى تىڭشاڭ. مۇلايىملىق بىلەن الله نىڭ كىتابىغا قۇلاق سېلىڭ. ئۇ قەلبىڭىزدىكى شەك ـ شۈبھىلەرنى ۋە غەم ـ ئەندىشىلەرنى تازىلاپ، سىزنى ئىلگىركىدىن خۇشال ۋە بەردەم قىلىدۇ.

« قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلار بىلەن ھەپىلەشمەڭ. بۇنىڭ ئورنىغا ۋاقتىڭىزنى ئۆزىڭىز ياخشى قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلارغا سەرپ ئېتىڭ.»

## ئالتىنجى باب

**«خۇشال بولۇڭ، هازىرلا، بۈگۈنلا، ئەتىنى كۈتمەڭ.»**

« بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.» (2: 214)

## 1

## پاراسەتلىك ئايال سائادەتلىك تۇرمۇشنىڭ بۇلىقى

ئەر ئۆيىگە قايتقاندا ئايالى ئۇنى ئىللىقلىق بىلەن كۈتۈۋالمىقى، ناۋادا ئېرىنى چارچىغان ياكى خاپىغان ھالدا كۆرسە، كەيپىنى بۇزماستىن ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بولسا ئالدىراپ بەجا كەلتۈرمىكى لازىم. ئۆيگە كىرە ـ كىرمەستە ئىچ پۇشقىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەر كىيىمىنى سېلىپ، ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېيتمىسا ئايالى بولۇش سۈپىتى بىلەن سوراپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق. لېكىن ئايال ئۇسلۇپ ۋە ئاھاڭغا دىققەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئېرىگە كۆيۈنگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن ئەنسىرگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىشى كېرەك.

مۇبادا ئايال ئېرىنىڭ ئىچىنى سىققان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، دەرھال ئېرىنى ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلسۇن. شۇندىلا ئەر ئۆز ئۆيىدە بىر قىممەتلىك جاۋاھىرنىڭ بەلكى دۇنيادىكى بارچە جاۋاھىراتلاردىن ئېسىل بىر گۆھەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

« قىلىپ بولالمىغان ئىشىڭىز ئۈچۈن ئەپسۇسلانماڭ. بىلىڭكى، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.»

« الله ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى سىنايدۇ.» (ھەدىس)

## 2

## شۇ كۈننى قەدىرلەڭ

بەختلىكلەردىن بىرى ئېيتىدۇ:

كۈنلەرنىڭ ياخشىسى دۇنيا بىزگە ئەمەس، بىز دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلغان كۈندۇر. شۇنداقلا بىز نەپسىمىزگە قۇللارچە ئىتائەت قىلماستىن، بەلكى نەپسىمىزنى كونترول قىلغان كۈندۇر. مەن شۇنداق كۈنلەرنى مەڭگۇ ئۇنۇتمايمەن. ھەر قېتىم مەن ئۆزۈمنى مەلۇم ئىشنى قىلالىش ـ قىلالماسلىقنىڭ قاتمۇ ـ قات ئەندىشىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمدا، مېنىڭ شۇ كۈنۈم ناھايىتى رەڭدار ۋە گۈزەل بولىدۇ.

شۇ كۈن نەقەدەر گۈزەل ـ ھە! مەن باشقىلار مېنى ماختايدىغان ئىش بىلەن ھېچكىم بىلمەيدىغان، ھېچكىم ماختىمايدىغان بىر ياخشى ئىشنى قىلىش ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولغىنىمدا، كىشىلەرنىڭ ماختىشىدىن ۋاز كېچىپ، مەن بىر ئۆمۈر ئەسلەيدىغان ئەمما ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشنى قىلدىم.

شۇ كۈن نىمىدېگەن قالتىس ـ ھە! مەن ئۆزۈمنىڭ يانچۇقىنىڭ پۇلغا تولغانلىقىنى، قەلبىمنىڭ بولسا قۇپقۇرۇقلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىر ساپ قەلبكە ئىگە بولۇشنى قارار قىلدىم.

شۇ كۈنلەر نەقەدەر گۈزەل ـ ھە! گەرچە ئالغان نېسىۋەم ئاز بولسىمۇ،

بۇنىڭدىن ئۆز ئىشىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىمنى بىلىۋالدىم. ئۇلۇغ، مېھرىبان ئاللاھ قا مەدھىيەلەر بولسۇن!

« ئىلكىڭىزدىكى نەرسە ئۇچۇن خۇرسەن بولۇڭ. ئاللاھ نىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇڭ. تىرىشچانلىقىڭىز ۋە قۇدرىتىڭىز بىلەن ماسلاشمايدىغان خام ـ خىياللارنى تاشلاڭ.»

« ئۆتكەنكى گۇناھلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى.» (5: 95)

## 3

## «مەن خار» دېگەن تۇيغۇنى تاشلاڭ

بۇ مۇھىم بىر قائىدە سىزنىڭ غەم ـ ئەندىشىنى يېڭىشىڭىزغا، تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، دوستلىرىڭىزنى ساقلاپ، ئائىلىڭىزنى شاتلاندۇرىدۇ. چۈنكى يىراقنى كۆرىدىغان كىشى ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ، مەسىلىنى تەپەككۇر قىلىدۇ، ئاشكارا،يوشۇرۇن ئەھۋالنى كۆزىتىدۇ.

ئەندىشىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئاخىلىق كىشى ئۆزىنىڭ ئەملي مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ياكى ئىشلارنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندە، بۇنىڭ تۇرمۇشلىقىنى بىلىدۇ. شۇ ئەمەسمۇ، ئۆز تەقدىرىدىن مۇتلەق رازى ئىنسان يوق. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەي، ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى ياخشى كۆرىشى ھەم مۇمكىن. ھەقىقي ياخشىلىق ھامان ئۇلۇغ الله نىڭ ھۆكمىدە ساقلانغان بولىدۇ.

ئاخىلىق ئادەم ئۆزىنى كاتتا ئالەمنىڭ بىر قىسمى، ئازاپ، ھەسرەت، بەخىت، شاتلىق تەڭ مەۋجۇت دەپ، تونۇيدۇ. ئاللىقانداق ئىشلار ئۈچۈن تىتىلداپ يۈرمەيدۇ شۇنداقلا ئاخىسىز كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى بىردىنبىر قىيىنچىلىقتا قالغۇچى دەپ ئويلىمايدۇ. ئاخىسىز ئىنسان پەقەت مەنلا ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايمەن، كىشىلەر مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ، مەن مەڭگۈ

شورپىشانە دەپ، ئويلايدۇ. ئاڭلىق ئادەم بۇنداق ئويلىمايدۇ، ئۇ تۇرمۇشنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ ،بىلىدۇ. شۇڭا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، بارچە نەتىجىنى قوبۇل قىلىدۇ.

« خوشال بولۇڭ، ھازىرلا، بۈگۈنلا، ئەتىنى كۈتمەڭ.»

« سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» (24 :13)

## 4

### مۇشەققەتتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت نەقەدەر لەززەتلىك ـ ھە!

ئۇتۇق قازانغانلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:

مەن نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، نامراتلىق بۇشۇكتىن باشلاپلا ماڭا ھەمراھ ئىدى. مەن ئاپامنىڭ نان دېگىنىمدە، بىر پارچە نان ئېلىپ بېرەلمىگەن چاغدىكى ئازابىنى بىلمەن. مەن ئون يېشىمدا ئۆيدىن ئايرىلدىم. ئون بىر يېشىمدا ئىشلەشكە باشلىدىم. ھەر يىلدا پەقەت بىر ئايلا ئوقۇيالايتتىم. ئون بىر يىللىق جاپالىق ئىشلەشتىن كېيىن، بىر كالا،ئالتە قويغا ئىگە بولدۇم. ئۇلار مېنىڭ سەكسەن تۆت دوللار تېپىشىمغا ياردەم قىلدى. مەن تاپقان ھەربىر سېنتنى تېجەيتتىم، ئويۇن ـ تاماشاغا بىر سېنتمۇ خەجلىمەيتتىم... مەن ئاچ ـ يالىڭاچلىقنىڭ نىمىلىكىنى بىلەتتىم. مەن ئىلگىرى تىرىكچىلىكىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نەچچە چاقىرىم يولنى پىيادە بېسىپ، خىزمەتداشلىرىمدىن ماڭا ئازراق ئىش بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدىم. يىگىرمە بىر يېشىمنىڭ تۇنجى ئېيىدا، ئىككى كالا قېتىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ ئورمانلىققا ئوتۇن كەسكىلى باردىم. مەن ئادەتتە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تا كەچ كىرگۈچە جاپالىق ئىشلەيتتىم. مەقسىتىم پەقەت ئاي ئاخىرىدا ئالتە دوللارغا ئېرىشىش ئىدى. ھەربىر دوللار ماڭا نىسبەتەن خۇددى قاراڭغۇ كېچىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشايتتى.

« خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىڭ ۋە تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىڭ، مەڭگۈ قايتا سادىر قىلماڭ.»

«ئېيتقىنكى، الله سىلەرنى بۇ قىيىنچىلىقتىن ۋە بارچە غەمدىن خالاس قىلىدۇ.» (6: 64)

## 5

## شارائىتىڭىزغا كۆنۈپ كېتىسىز

مەن تونۇيدىغان بىر كېشىنىڭ پۇتى كېسىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى باردىم. ئۇ بىلىملىك، پاراسەتلىك كىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا دېمەكچىتىم: «بىزنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى سىزنىڭ يۈگۈرۈش ماھىرى ياكى چېلىشىش چىمپىيونى بولۇشىڭىزنى كۈتمەيدۇ. ئۇ سىزنىڭ دانا چۈشەنچە، يورۇق پىكىر بېرىشىڭىزنى كۈتىدۇ. سىزدە مۇشۇنداق ئىقتىدار ھېلىمۇ بار، خۇداغا شۈكرى.»

ئەمما مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ ماڭا دېدى: « مېنىڭ بۇ پۇتۇم ماڭا ھەمراھ بولغىلى نەچچە ئون يىل بولغان، ئۇ ياخشى ھەمراھ ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئىمانىم سالامەت، كۆڭلۈم ئارامدا.»

بىر دانىش ئېيتىدۇ:

«پىكىر خاتىرجەملىكىگە ئەڭ ئۇسال ھالەتنى قوبۇل قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، بۇ دەل، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش يوشۇرۇن كۈچنى ئازات قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەمما، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىلەر بىردەملىك ھەسرەت تۈپەيلى ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئازاپلىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى رەت

قىلىدۇ. قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، باشتىن باشلاشنى رەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۆتمۈشتىكى ئازاپلىق كەچۈرمىش ۋە كۆرەش ئىچىگە قامىلىۋېلىپ، پايدىسىز ئەندىشىلەرگە پاتتىدۇ.»

ئىسلام نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەت ئۈچۈن ھەسرەت چېكىش، ئىلگىركى ئوڭۇشسىزلىق ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلاش ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا ئىشەنمەسلىك، ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماسلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

« چۈشكۈنلۈك سىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭىز. ئۇ تىنىچ كۆڭۈلنى بۇزۇشقا يېتەرلىكتۇر.»

« ئەنە شۇنىڭدەك، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.» (2: 143)

## 6

## بىر دانا ئايالنىڭ نەسىھىتى

ئەرەپ ئاياللىرى ئارىسىدا كەڭ تارالغان بىر نەسىھەت بار. ئۇ بولسا ئۇمامە بىنتى ھارىسنىڭ قىزى ئۇممۇ ئىياسقا، قىزىنىڭ توي كۈنىسى ئاخشىمى قىلغان نەسىھىتى. بۇ دانا ئايال قىزىنى ئۇزۇتۇش ئالدىدا مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

ئەي قىزىم، سەن كىچىكىڭدىن ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئائىلەڭدىن ـ سەن تۇنجى قېتىم مېڭىشنى ئۆگەنگەن جايدىن ئايرىلىپ، سەن بىلمەيدىغان بىر جايغا بارىسەن. سەن پىششىق بىلمەيدىغان بىر ئادەمگە ھەمراھ بولىسەن. سېنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇ سېنىڭ ئېرىڭ بولىدۇ. سەن دېدەككە ئوخشاش ئۇنى كۈتىسەن، ئۇمۇ قۇلغا ئوخشاش سېنى كۈتىدۇ. ساڭا تويلۇق سۈپىتىدە ئون نەسىھەت قىلاي:

بىرىنچى: ئۇنىڭ جۈپتى بولغانلىقىڭدىن رازى بول. چۈنكى قانائەت كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچى: ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلا ۋە ئىتائەت قىل. ئەرگە ئىتائەت قىلىش مېھرىبان، شەپقەتلىك خۇدانى رازى قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: ئۆيدە ئۆزۈڭنى پاكىز، رەتلىك تۇت. ئۇ سېنىڭ كۆرۈمسىز تەرىپىڭنى كۆرۈپ قالمىسۇن.

تۆتىنچى: دائىم خۇشپۇراق ئىشلەت، ئۇ سېسىق پۇراقنى پۇرىمىسۇن.

بەشىنچى: ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋاقتىدا تاماق تەييارلا. چۈنكى ئاچلىق كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ.

ئالتىنچى: ئۇ ئارام ئېلىۋاتقاندا تىنچلىقنى ساقلا، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزساڭ ئاچچىقى كېلىدۇ.

يەتتىنچى: ئۇنىڭ باللىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ياخشى قارا، تەدبىركارلىقىڭنى نامايەن قىل.

سەككىزىنچى: ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوبدان ساقلا، ئۇنىڭدىن خۇرسەنلىكىڭنى ۋە مىننەتدارلىقىڭنى ئىپادىلە.

توققۇزىنچى: ئۇنىڭ سىرىنى ئاچما، بۇ سىنى ئۇنىڭ يۈز ئۆرىشىدىن ئەنسىرتىپ قويىدۇ. مەڭگۈ خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەيسەن.

ئونىنچى: ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلما. مۇبادا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىساڭ ئۇنىڭ قەلبى ساڭا قارىتا نەپرەتكە تولىدۇ.

دىققەت قىل، قىزىم، ئۇ ئاچچىقلانغاندا، خۇشال بولما. ئۇ خوشال بولغاندا بولسا، خاپا بولۇپ كەيپىنى بۇزما.

« سىزنىڭ بەختىڭىز ھېچكىمگە قاراشلىق ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا.»

« ئەتە قۇياش چىقىدۇ، قەلبىڭىز خۇرسەن بولىدۇ.»

## 7

## ئۆزىنى قۇربان قىلىش بىلەن اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئايال

سىز جۇھىنىيە قەبىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئەينى چاغدا، ئۇ ئېزىپ زىنا قىلىپ سالغانىدى، ئارقىدىن اللەنى ئەسلەپ، گۇناھىغا تەۋبە قىلدى. ئۇ الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تاش ـ بوران جازاسى بېرىپ، ئۆزىنى پاكلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، مەن گۇناھ قىلدىم، جازالىنىشىم كېرەك، ئىجرا قىلىڭ.» ئۇ زىنادىن ھامىلدار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھامىيىسىنى چاقىرىپ، «ئۇنىڭغا ياخشى قارا، ئۇ يەڭگىگەندىن كېيىن ئېلىپ كەل»، دېدى. ئۇنىڭ ھامىيسى شۇ بۇيىچە قىلدى. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىيىمگە چىڭ يۆگېتىپ، جازانى ئىجرا قىلغۇزغاندىن كېيىن، مېيىت نامىزىنى ئۆزى ئوقۇدى. ئۆمەر سورىدى: « ئى الله نىڭ ئەلچىسى، سىز ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇمسىز؟ ئۇ زىنا قىلغان تۇرسا.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: « ئۇنىڭ تەۋبىسى ناۋادا مەدىنىدىكى يەتمىش كىشىگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشقا يېتەتتى. ئۇ الله ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى، سەن ئۇنىڭدىنمۇ ئىلغار ئادەمنى تاپالامسەن.»

شۇنداق، مۇستەھكەم ئىمان ئۇنى پاكلىنىشنى ئىزدەشكە، ئاخىرەتنى تاللاشقا ئۈندىدى. مۇبادا، ئۇنىڭ شۇنداق كۈچلۈك ئىمانى بولمىغان بولسا،

ئۇ تاش ـ بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى خالىماس ئىدى.

بەزىلەر قارشى چىقىپ سۆزلەيدۇ، نىمىشقا ئۇ زىنا قىلىدۇ؟ بۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئىنسان بەزىدە بوشاڭلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئىنسان تۇغۇلىشىدىنلا ئىرادىسى ئاجىز. بەلكىم تاساددىپى ئىزىپ قالغاندۇ، چۈنكى« ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان.» (21: 37) بەزىدە ئازغۇنلىق ئىچىگە چۈشۈپ قېلىشى ھەم مۇمكىن، چۈنكى ئىنسان مۇكەممەل ئەمەس. ئەمما ئىماننىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈنۈپ، يىلتىز تارتىپ مېۋە بەرگەندە، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە كۈچلۈك ئىمانى ئەكس ئېتىدۇ. مانا بۇ بۇ ئايالنى الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى پاكلاپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىشقا ئېلىپ بارغان سەۋەپ. ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە الله نىڭ رازىلىقى،شەپقىتى ۋە ئەپۇسىغا ئېرىشتى.

« كەسپى ئاداۋەتخور ئايال بولماڭ، شۇنداقلا ئىشتىن سىرتقى ئاداۋەتخور ئايالمۇ بولماڭ.»

«تاڭ ئېتىش ئالدىدا كېچە قاپقاراڭغۇ بولىدۇ.»

## 8

## اللە نىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلغاندىلا، اللە نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

بۇ ھېكايىدە بايان قىلىنىدىغىنى بىر گۈزەل، زەردار ئايال. ئەھلى سەلىب قوشۇنى ئىسكەندىرىيىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى تېخىچە ئائىلىسىدە بولۇپ، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەندى. ياۋرۇپالىق تاجاۋۇزچىلار قوللىرىدا قېلىچ تۇتقىنىچە ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن «پۇل ـ مال نەدە» دەپ سورىدى.

ئۇ ھودۇققان ھالدا، « پۇل ـ مال ئۆيدىكى ساندۇقلارنىڭ ئىچىدە.» دەپ، قولى بىلەن كۆرسەتتى ۋە قورققانلىقىدىن تىترەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا تاجاۋۇزچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: « قورقما، سەن مەن بىلەن بىللە بولساڭ، مەن سېنى بايلىقىم ۋە مېھرى ـ مۇھەببىتىمدىن بەھرىمەن قىلىمەن.» دېدى. ئۇ بۇ ئەبلەخنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ۋە نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ھەم مۇلايىملىق بىلەن،«ھاجەتخانىغا بېرىپ كېلەي» دېدى . ئۇمۇ بۇ ئايال مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ، بارساڭ بولىدۇ دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئايال ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر ساندۇقلارنى تالان ـ تاراج قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئايال ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، يول بۇيىدىكى قاپقاراڭغۇ بىر سامانلىققا يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى تالان ـ تاراج قىلىپ

بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تاپالماي نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ئايال دانالىق بىلەن ئەسىرگە ئېلىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالدى.

بۇ ئايال مۇنداق دەيدۇ: «ئىمانىم ۋە ئابرويىمنى قوغداش مال ـ دۇنيا ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىتتىن مۇھىم. چۈنكى نامرات بولۇپ قېلىش، مەھبۇس بولۇپ قالغاندىن ھەمدە ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانغاندىن ياخشى.»

« سىز ساقلانغىلى بولمايدىغان بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك، تۇرمۇشتا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مەلۇم ئىشلارغا يولۇقىسىز، ئەمما ئىمان ۋە سەۋر بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايسىز.»

« ئانا ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ئەزىمەتلەرنىڭ بۆشۈكىدۇر.»

## 9

## تەۋبىنىڭ سۈيى ئەڭ پاكىز سۇ

الله... تەۋبە قىلغۇچىلارنى، ئۆزىنى پاكلىغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. چۆل ـ جەزىرىدە ئۇزۇق ـ تۈلۈكى ئارتىلغان ئۇلىغى يۈتۈپ كېتىپ، ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندا، تۇساتتىن ئۆز ئۇلىغىنىڭ كۆز ئالدىدا يىمەكلىك ۋە سۈيىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئۇنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، خوشال بولغانلىقتىن خاتالىشىپ، « ئى الله، سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ ئىگەڭ »، دەپ سالغان كىشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئۇنىڭ بۇ زور خوشاللىقى بەندە تەۋبە قىلغان چاغدىكى الله نىڭ خوشاللىقىغا يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇلۇغلۇق الله قا خاستۇر. ئۇ نېمىدېگەن بۈيۈك، نېمىدېگەن مېھرىبان ـ ھە! ئۇ بەندىلىرىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارغا جەننەت ۋە ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ. الله مۇئمىنلەرگە خىتاپ قىلىپ ئېيتىدۇ: « ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار.» (31 :24)

تەۋبە دېگەن قەلبنى پاكلاش، كۆزنى ياشلاش ۋە خاتالىقى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ قايتا ئويلىنىشتۇر. ئۇ ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تۇنجى قەدىمى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ دەسمايىسى، ئازغانلارنىڭ ھىدايەت ئاچقۇچى.

تەۋبە قىلغۇچى الله قا دۇئا قىلىدۇ، يېلىنىدۇ، ياش تۆكىدۇ. باشقىلار

بوشانغاندا ئۇنىڭ قەلبى بوشانمايدۇ، باشقىلار ئارام ئالغاندا ئۇنىڭ قورقۇنچىسى ئارام ئالمايدۇ، ئۇنىڭ تەشنالىقى ئەسلا بېسىقمايدۇ. ئۇ مەھزۇن قەلبى بىلەن پەرۋەردىگارى ئالدىدا باغرى سۇنغان، بېشى ساڭگىلىغان ھالدا تۇرىدۇ. الله قا رۇكۇ قىلىدۇ،سەجدە قىلىدۇ، قىلغان گۇناھى ئۈچۈن تىترەيدۇ. ھەر قېتىم گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى، خاتالىقىنىڭ كۆپلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى قەلبىنى ئىگەللەيدۇ، تەۋبىنىڭ كۆز ـ ياشلىرى ۋۇجۇدىنى ئېقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتە غالىبىيەتچى بولۇشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ، جەھەننەمنىڭ كۆۋرىكىدىن تېز ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ يۈكىنى تاشلايدۇ.

«بىر كۈن كېلىپ ئىشلار قاملاشمىغاندىمۇ، ئاكتىپلىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەك. چۈنكى ئۇ بەخت ۋە خوشاللىققا تولغان باشقا بىر كۈننىڭ باشلىنىشى ياكى ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن.»

« ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا الله نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر.» (4: 34)

## 10

## تۇنجى ئەركىنلىك جەڭچىسى

ئۆز ۋاقتىدا، ئۇ ئەڭ كاتتا قەسىردە تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆزى خالاپ باشقۇرىدىغان نۇرغۇن قۇل ـ چۆرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەشەمەتلىك، خاتىرجەم ھەم ئەنسىز ئىدى.

ئۇ دەل پىرئەۋىنىنىڭ ئايالى ئاسىيە ـ بىر نازۇك قىز. ئۇ سارايدا تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئەمما ئۇ مۇئمىن ئىدى. ئىمانىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتتى. ئۇ جاھىلىيەت تۈزۈمىنىڭ داھىسى ـ ئۆز ئېرىغا جەڭ ئېلان قىلدى.

ئۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئىدى. ساراي، باياشات تۇرمۇش ۋە قۇل ـ چۆرىلەرگە تارتىشمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆز كىتابىدا تىلغا ئېلىشىغا ئەرزىدى. ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئۇلۇغ الله ئېيتتى: « الله پىرئەۋنىنىڭ ئايالىنى مۇئمىنلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلدى، ئەينى چاغدا ئۇ: ئى رەببىم،سەندىن مەن ئۈچۈن دەرگاھىڭدا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن. مېنى پىرئەۋنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن، دەپ دۇئا قىلدى.» (66: 11)

بۇ ئايەتكە ئالىملار مۇنداق ئىزاھات بېرىشتى: ئاسىيە ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئۈستۈن بىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مۇكەممەل

ئايال دەپ تەرىپلەشكە ئېرىشتى: « نۇرغۇن ئەرلەر كامال تاپتى، ئەمما، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسيە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەمدىن باشقا كامالەتكە يەتكەن ئايال يوق. ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئۈستۈنلۈكى خۇددى شورپىنىڭ باشقا تائاملاردىن ئۈستۈنلىكىگە ئوخشايدۇ.»

مانا بۇ مۆئمىن ئايال ئاسيە، پىرئەۋننىڭ زۇلمەتلىك سارىيىدىكى نۇرلۇق چىراق. يەنە كىم بىز ئۇچۇن مۇشۇنداق سەۋىر ۋە سۇباتلىقنىڭ نۇرلۇق چىرىقىنى ياندۇرۇپ،بىزنى ھەممىگە قادىر الله تەرەپكە چاقىرالايدۇ؟

«ئوي ـ خىيالىڭىزنى كونترول قىلىڭ، خۇشال بولىسىز.»

# يەتتىنچى باب

## «ھاياتنىڭ قىممىتى مەنىلىك ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتتا»

« شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.» (7: 56)

1

## پەرۋەردىگارىڭىزغا تاپشۇرۇڭ

بوران ـ چاپقۇنغا يولۇقسىمۇ، شارائىتىنىڭ ئاۋارە قىلىشىغا يول قويماي، غەم ـ قايغۇنى قەلبىگە كىرگۈزمەي، كۆزيېشىنى ئاققۇزماي، الله نىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، بىخىرامان ئۇيقۇغا كېتىدىغان ھەربىر ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تىلەيمىز. بالىسىدىن ، ياخشى كۆرگىنىدىن، ئاتا ـ ئانا ياكى دوست ـ ياردىن ئايرىلغان، ئاپەتنىڭ سىنىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا، ئىماندا چىڭ تۇرغان ھەر بىر ئائىلىنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى تىلەيمىز.

الله ئەجرىڭىزنى زىيادە قىلغاي، دەرىجىڭىزنى ئۈستۈن قىلغاي، زىيىنىڭىزنى تولدۇرۇپ بەرگەي! ئۇلۇغ الله شۇنداق دەيدۇ: « سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئۇقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.» (2: 45)

ئەلى ئېيتىدۇ: « ئىمانغا نىسبەتەن سەۋر خۇددى بەدەنگە نىسبەتەن باشقا ئوخشايدۇ.» ئاخىرەتتىكى ساۋاب ئۈچۈن شاتلىنىڭ، تىرىشچانلىقىڭىز ۋە تۆلىگەن بەدىلىڭىزنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە، يىگانە الله قا يېقىن فىردەۋس جەننىتىدە ۋە مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەردە كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا ئېرىشىسىز. ئىمان، سەۋر ۋە ساۋابقا تەشنا قەلبىكە ئىگە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمىز. سىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىڭىزنىڭ

غالىب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

«سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن» (2: 155)

«ئۆزىگە ئىشىنىش ھەرقانداق ياشتا ھاياتنىڭ مەناسىنى ئىزدەشتىن ۋازكەچمەسلىكتىن، شۇنداقلا، تۇرمۇشتىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ.»

« الله بەندىلىرىگە كۆيۈمچان.» (42: 19)

## 2

## دىل كورلۇقى ھەقىقىي كورلۇقتۇر

بۇرۇن بىر كور ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ سۆيۈملۈك ئايالى، ۋاپادار ئوغلى ۋە سادىق دوستى بىلەن شاد ـ خۇرام ياشايدىكەن. ئۇنى قىينايدىغان بىردىنبىر ئىش پەقەت قاراڭغۇلۇقتا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىكەن. ئۇ يورۇقلۇققا چىقىشنى ھەمدە ئۆزىنى خۇشال قىلغان ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ كىشى تۇرۇۋاتقان شەھەرگە بىر داڭلىق تېۋىپ كەپتۇ. بۇ كور كىشى كۆزىنى داۋالاتقىلى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭغا تېمىتما دورا بېرىپ، ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلىتىشنى جېكىلەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ھەرقاچان كۆزۈڭ ئۇشتۇمتۇت ئېچىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپتۇ.

گەرچە بۇ دۇرىنىڭ ئۇنۇم بېرىشىگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، بىر ـ راق بۇ كىشى ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلىتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ بېغىدا ئولتۇرىۋاتقاندا توساتتىن كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن ئۆيگە چېپىپ، سۆيۈملۈك ئايالىغا ئېيتماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۆيىدە ئايالىنىڭ دوستى بىلەن ئۆزىگە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمەي، يەنە بىر ئۆيگە يۈگىرەپ كىرسە ئوغلىنىڭ ئىشكاپتىن نەرسىلىرىنى ئوغۇرلاۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ كوركىشى ئۆيدىن «ئۇ تېۋىپ ئەمەس، جادۇگەركەن» دەپ، ۋاقىرىغانچە

چىقىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن، نېرۋىسى جىددىيلەشكەن هالدا، كۆزىگە مىخ سانجىپ، ئۆتمۈشتىكى خۇشاللىقنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بوپتۇ.

« كۆڭۈلدىكى ھەسرەت تەندىكى ئىللەتتىن بەكرەك زىيانلىق.»

«پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، ئۇ مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ.» (26: 62)

## 3

## قىساس سوتى قۇرۇشقا ئۇرۇنماڭ، بەلكىم ئۆزىڭىز تۇنجى قۇربانى بولىشىڭىز مۇمكىن

بەزىلەر ناھايىتى كەڭ قۇرساق، ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ھېساپلاپ ئولتۇرمايدۇ، بولدى قىلىدۇ، نۇرغۇن كىچىك ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، بەزىدە ھەتتا سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئومۇمەن ئۇلار چىقىشقاق، دوستانە، باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. بۇنداق ئىشلار ئۇچۇن ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا كەڭ قۇرساقلىقنى ئەسلا ئۇقمايدۇ. ھەرقانداق بىر كىچىك ھالقىغا ئېسىلىۋالىدۇ. باشقىلار بىلەن زىر ـ زەبەرلەپ ھېساب قىلىپ، ئايىغى چىقماس ئۇرۇشقا پېتىپ قالىدۇ.

ناھايىتى تەبىئىيكى، كەڭ قورساق ئادەم ئاسان قانائەت قىلىدۇ، خاتىرجەم يۈرىدۇ، ئەندىشىدىن يىراق تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرىشىگە بەكرەك ئېرىشىدۇ. مۇۋەپپىقىيەتنىڭ دەرۋازىسمۇ ئۇنىڭغا كەڭرەك ئېچىلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەڭگۈ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشمەن دەپ ئويلايدىغان، ھەربىر سۆز ۋە ئەھۋالنى تەھلىل قىلىدىغان، يامان نىيەت ئىزدەپلا يۈرۈيدىغان كىشىلەر ھەرجەھەتتىن ئۆزىگە غەم ـ ئەندىشە

يۈكلىنىۋالىدۇ. كىشىلەر ئۇلاردىن بىزار بولۇپ، قاچىدۇ. مۇۋەپپىقىيەتنىڭ دەرۋازىسىمۇ مۇنداقلارغا ئېتىكلىك بولىدۇ. الله نىڭ ئەلچىسى تاللاشقا توغرا كەلگەندە گۇناھ بولمايدىغانلا ئىش بولسا ئاسان ئىشنى تاللايتتى.

اللەنىڭ ئەلچىسى مۇنداق دىگەن: « الله سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىمدا مەرد كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!»

« بۈگۈن قىلالايدىغان ئىشنى قىلىڭ، ئەتە نىمە بولىشىدىن ئەنسىرمەڭ. »

«بىز قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق.»
(20: 2)

4

## خۇشاللىق مۇۋەپپەقىيەتتىن كېلىدۇ

بايلاردىن بىرى ئېيتىدۇ:

مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشىگە ئايلىنىشقا قارىتا ھېچقانداق ئالاھىدە تەسىراتىم يوق. مەن ئايالىم بىلەن بىللە بىر ئاددىي ئۆيدە تۇرىمەن. ئادەتتىكىچە تۇرمۇش كەچۈرىمەن. تاماكا چەكمەيمەن، ھاراق ئىچمەيمەن. گېزىت ـ ژۇرناللاردا تەسۋىرلەنگەن مىلياردېر بايۋەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى بىلەن خۇشۇم يوق. ھەشەمەتلىك سەيلە پاراخوتى، سەھرادىكى داچا، قايناق سورۇن، نازىنىن قىز دېگەنلەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن.

مەن ئىشلەشنى ياخشى كۆرىمەن، خىزمەتتىن خۇشاللىق تاپىمەن، ھەمىشە چۈشلۈك تاماقنى ئېلىۋېلىپ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ يەيمەن. ئىلگىمدىكى بايلىق مېنى خۇرسەن قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ھەرقېتىم يۇرتۇم توكيونىڭ بىر نامسىز كىچىك بازاردىن زامانىۋى ئىمارەتلىك، دۇنياۋىي قىززىق نۇقتىلىق شەھەرگە ئايلىنىشىغا ياردەم قىلغانلىقىمنى ئويلىسام بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىمەن. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ خۇشاللىقىم مۇۋەپپەقىيىتىمدىن كېلىدۇ.

«چۆكۈپ كەتكەن كېمىگە قايغۇرغاننىڭ پايدىسى يوق.»

« الله بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟» (36 :93)

## 5

## ئىمانسىز دۇنيا ئازابقا مۇبتىلا

دوكتور هارولدسىن هابىن بولسا «مايو» شىپاخانىسىدىكى بىر دوختۇر، ئۇ ئامېرىكا دوختۇرلار جەمئىيىتىگە بىر پارچە ماقالە سۇنغان بولۇپ، ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ 176 خىزمەتچىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 44 ياش بولۇپ، ئۈچتىن بىر قىسىم كىشى بېسىم ۋە جىددىيلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۈچ خىل كېسەلنىڭ بىرىگە گىرىپتار بولغان. بۇ كېسەللەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى، ئاشقازان يارىسى، يۇقۇرى قان بېسىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كېسەللەر ئۇلار 45 ياشقا كىرمەستە كۆرۈلگەن. مۇبادا ئاشقازان يارىسى ۋە يۈرەك كېسىلىنى بەدەل قىلسا بۇ كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلىنامدۇ؟ مۇبادا بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشىپ، ساقلىقىنى يوقاتسا، ئۇنىڭ بۇ بىمارغا نىمە پايدىسى؟ گەرچە ئۇ پۈتكۈل دۇنياغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، پەقەت بىرلا كارۋاتتا ئۇخلىيالايدۇ، كۈنلۈكىگە پەقەت ئۈچ ۋاقلا تاماق يېيەلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، يۇز-ئابرويلۇق بىر خىزمەتچى بىلەن ئاددى بىر ئىشلەمچىنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ بەلكىم ئاشۇ ئىشلەمچى تېخىمۇ قېنىپ ئۇخلىيالىشى، تېخىمۇ هوزۇرلىنىپ يېيەلىشى مۇمكىن.

دوكتور ۋ . س. فارىز مۇنداق دەيدۇ: « روشەنكى، بەشتىن تۆت قىسىم بىمارنىڭ بەدىنىدە كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يوق. ئۇلارنىڭ

كېسىلى قورقۇنچ، ۋەھىمە، نەپرەت، شەخسىيەتچىلىك ۋە تۇرمۇش بىلەن چىقىشالماسلىقتىن كېلىپ چىققان.»

«بىز ئۆزىمىز خالاپ ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتەلمىگەن،كەلگۈسىنى لايىھەلىيەلمىگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا نىمىشقا ئۆزىمىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ، ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرىۋالىمىز؟»

« ئاچچىقلانما، ئاچچىقلانما، ئاچچىقلانما.» (ھەدىس)

6

## ئىسىل ئەخلاق

سالىھە مۇسۇلمان ئايال زىيادە تەلەپ قويۇپ ئېرىنى قىينىمايدۇ. اللە بەرگەن رىزىققا رازى بولىدۇ. مەمنۇنىيەت بىلەن اللەنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئائىلىسىدىن ئۈلگە ئالىدۇ. ئۇرۋەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ھاممىسى ئائىشە دائىم مۇنداق دەيتتى:

« اللە بىلەن قەسەمكى، اللە نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىككى ئايدىمۇ بىرەر قېتىم قازان ئېسىلمايتتى.»

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: « ھامما، سىلەر نىمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭلار؟ » دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق دىدى:

« ئىككى قارا نەرسىگە يەنى خورما بىلەن سۇغا. ئەمما، اللە نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەنسار قوشنىلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆچكىلىرى بار ئىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە سۈت سۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ سۈتلەرنى بىزگە بېرەتتى.»

« ھاياتنىڭ قىممىتى ھەربىر دەقىقىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشتە.»

« خىزمەت ئۈمىدنىڭ يېقىلغۇسى، مەغلۇبىيەتنىڭ دۈشمىنى.»

7

## الله سىز ئۈچۈن تاللىغانغا رازى بولۇڭ

ئىبراھىمنىڭ ئايالى، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەر نەقەدەر گۈزەل سۆزنى ئېيتقان ـ ھە! ئۇ ئېرىگە ئەگىشىپ ئۆيدىن چىققان ۋە ئېرى تەرىپىدىن ئادەم ئىزى يوق چۆل ـ باياۋاندا قالدۇرۇلغان چاغدا: « ئىبراھىم، سىز بىزنى مۇشۇ ئىنسى ـ جىن يوق ماكاندا قالدۇرۇپ، نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ يەنە سورىدى: « الله سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟» ئىبراھىم: «ھەئە» دېدى. ئۇ: «ئۇنداقتا ئۇ (الله) بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ» دېدى.

شۇنداق، الله ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەجىبا الله «كەھف» سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ئەر ـ خوتۇنغا تولۇقلاپ بەرمىدىمۇ. «ھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىمانلىق كىشىلەر ئىدى. بىز ئۇنىڭ چوڭ بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىغا كۇپۇر ۋە زۇلۇم قىلىشىدىن ئەنسىردۇق. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا تېخىمۇ پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق.» (18: 80 ـ 81)

ئەجىبا الله ھېلىقى سالىھ كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى قوغداپ قالمىدىمۇ؟ ئۇ مۇسانىڭ ھەمراھىغا ئاشۇ تامنى ياساپ، ئىككى ئوغۇل چوڭ بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال دۇنياسىغا ئىگە

بولغىچە مۇستەھكەم تورغۇدەك قىلىپ قۇيۇۋشقا بۇيرىدى.

« ئاشۇ تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى. تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ مال دۇنياسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى كىشى ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇ ئىككەيلەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى خالىدى. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدۇر. بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم خالاپ قىلغىنىم يوق.» (82 :18)

« مەن ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتەلمىسەم،كەلگۈسىنى تىخمۇ بىلمىسەم، ئۇنداقتا نىمىدەپ پۇشايمان ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈرىمەن؟»

« غەلبە ـ نۇسرەت چىدام ـ غەيرەت بىلەن بىللە.»

## 8

## دۇنيا ئۇچۇن ئاھ ئۇرماڭ

مەيلى كىم بولمىسۇن، هايات ۋە شاتلىقنىڭ نەقەدەر قىسقا، نەقەدەر تۇتامسىزلىقىنى تونۇپ يېتىدىكەن، ئۇ بۇدۇنيا ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۆتمۈش ئۈچۈن مەڭگۈ نائۈمىد بولمايدۇ، ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ. چۈنكى بىز ئىخمۇ ئۇلۇغ، ئىخمۇ مەڭگۈلۈك، ئىخمۇ گۈزەل ئاخىرەتكە ئىگە بولىمىز. ئاللاھنى مەدھىيىلەڭ! چۈنكى سىز يەككە ـ يىگانە پەرۋەردىگار بىلەن مۇلاقەت بولۇشقا ئىشەندىڭىز. ئەمما باشقىلار ـ ئىمانسىز ئايالالار ئاشۇ ۋەدە قىلىنغان كۈنلەرگە ئىشەنمەيدۇ. شۇ كۈنگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان كىشىلەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئىمانى ئاجىز، قىيامەتنى ئۇنتۇغان، قەسىر، ئۆي، بايلىق، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەپتۇن بولغانلارغا لەنەت! ناۋادا بىر ئادەمنىڭ ئىمانى بولمىسا، ئۇنىڭ قەسىر، ئايۋان ـ ساراي، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىنىڭ نىمە قىممىتى بولسۇن، ناۋادا سىز اللەدىن هىيىقمىسىڭىز مەنسەپ ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋىنىڭ نىمە پايدىسى؟!
مۇبادا هوقوق ـ مەرتىۋە ياكى مال ـ دۇنياغا بەختنى سىتۋالغىلى بولسا، ئىمىشقا بىز شۇنچە كۆپ پادىشاهلار، هوقۇقدارلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئازاپلىق تۇرمۇش كەچۈرۋاتقانلىقىنى،بەختسىزلىكىدىن زارلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز؟

« تۈنۈگۈن گويا تۈگىگەن چۈش، ئەته گۈزەل بىر ئارزۇ، پەقەت بۈگۈنلا رېئال ھەقىقەت.»

« ئايال دۇنياغا ئۇلۇغ ئەربابلارنى سوۋغا قىلدى »

9

## اللەنىڭ مەۋجۇداتلىرى ئاجايىپ گۈزەل.

ئىنسانىيەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر شەكىلدە يارىتىلغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىرىق، تىل ۋە جىنىس ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراڭ. ئۇلۇغ اللە ئۇلارنى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى. خۇددى ئۇ ئېيتقان كەبى:

« ئۇ سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى،ۋە سۈرىتىڭلارنى گۈزەل قىلدى.» (40: 64)

« ئەي ئىنسان! سىنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىلىق قىلىشقا نىمە ئالدىدى؟ ئۇ سىنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بىجىرىم ، قامىتىڭنى تۈز قىلدى.» (82: 6 ـ 7)

«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن ئەڭ گۈزەل قامەتتە قىلىپ ياراتتۇق.» (95: 4)

ئاسمان بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ گۈزەللىكىگە، قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرلۇقلىقىغا ۋە ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە قاراڭ. زېمىنىنىڭ قانداق يېيىلغانلىقىغا، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قانداق چىقىرىلغانلىقىغا، تاغلارنىڭ قانداق مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىغا قاراڭ. ئالەمنىڭ ماس ھالدا قانداق چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى ئويلاڭ. نەفىس گۈللەرگە، پىشقان مېۋىلەرگە، بۈك ـ باراقسان خورمىلارغا، تەملىك سۈتلەرگە ۋە تاتلىق ھەسەلگە، ئىچىشچان

ھەسەل ھەرىلىرىگە، ئالدىراش چۈمۈلىلەرگە، ھەرخىل قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا، ئۈزىۋاتقان بېلىقلارغا، پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلارغا، يېقىملىق سايراۋاتقان بۇلبۇلغا، تۈرلۈك ھايۋاناتلارغا ـــــ مانا بۇ چەكسىز، كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەللىكلەرگە قاراڭ.

«شۇڭا، سىلەر ئەتىگەن ۋە ئاخشاملاردا الله نى ھەممىدىن ئۇلۇغ دەپ مەدھىيەلەڭلار. ئاسمان ـ زېمىندىكى مەدھىيەلەر، شۇنداقلا چۈش ۋە كەچقۇرۇندىكى مەدھىيەلەرنىڭ ھەممىسى الله قا مەنسۇپتۇر. ئۇ تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىدۇ. ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىدۇ. ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ. سىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تىرىلدۈرۈلىسىلەر.» (30: 17 ـ 19)

« تۈرمۇشنىڭ سەلبى تەرەپلىرىگە قارىماڭ.ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە شاتلىقىدىن مەمنۇن بولۇڭ.»

« سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا تۇرۇڭلار.» (33 :33)

## 10

## غايەت زور شان ـ شەرەپ ۋە چەكسىز سېخىلىق

رۇملۇقلارنىڭ بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاياللارنى ئەسىرگە ئالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر مەنسۇرغا ئېيتتى: « سەن نىمىشقا خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىشقا ئۈندىمەيسەن؟». شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەمەشقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رىققەگە كېلىپ، خەلىپە هارۇن رەشىد بىلەن كۆرۈشتى.

شەيخ مەنسۇر كىشىلەرنى ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشقا چاقىرۋاتقاندا، تۇساتتىن ئۇنىڭغا ئېغىزى چىڭ ئېتىلگەن بىر خالتا ۋە بىر پارچە خەت ئەۋەتىلدى. مەنسۇر خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

« مەن ئەرەب ئېسىلزادىلىرى ئارىسىدىن چىققان بىر ئايال، مەن رۇملۇقلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا قىلغانلىرىنى ئاڭلىدىم. يەنە سىزنىڭ كىشىلەرنى قايتۇرما هۇجۇمغا ئۈندەۋاتقانلىقىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بەدىنىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئىزدىدىم، ئۇ بولسا مېنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىم ئىكەن. مەن ئۇلارنى كېسىپ بۇ خالتىغا سالدىم. خۇدا هەققى، مەن سىزدىن ئۇنى ئاتىنىڭ يۈگىنى قىلىپ، ئاللاھ يولىدا چىققان جەڭچىلەرگە بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ئاللاھنىڭ مۇشۇ سەۋەبلىك ماڭا

رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى ئۇمۇد قىلىمەن.»

مەنسۇر بۇ قىممەتلىك خەتنى ئۇقۇۋاتقاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىغلىدى. ھارۇن رەشىد ئۇمۇمى سەپەرۋەرلىك قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ جەڭچىلەر بىلەن بىللە چىقتى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا زور غەلبە ئاتا قىلدى.

« ئۆتمۇش ئۇچۇن ياش تۆكمەڭ، بىھۇدە يىغلىماڭ، چۇنكى سىز ئۆتمۇشنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيسىز.»

## سەككىزىنجى باب

« تىنىچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن رىئاللىققا يۈزلىنىڭ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇڭ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرلەڭ. »

«ھەقىقەتەن، دىللار اللە نى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»

## 1

## اللە تىن ئۆزگە پاناگاھىڭىز يوق

بىر ئادەم مەسچىدكە كىردى، بۇ چاغ ناماز ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ناماز ئۆتەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشى بۇ بالا ناماز ئوقۇپ بولغىچە ساقلاپ، ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە سورىدى: «ئوغلۇم، سەن قايسى ئائىلىنىڭ بالىسى؟» بالا بېشىنى تۆۋەن سالدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىگە ساقىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: «تاغا، مەن بىر يېتىم، ئاتا ـ ئانام يوق.» بۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بالىغا بەك ئىچ ئاغرىتتى ۋە دېدى: «مېنىڭ ئوغلۇم بولۇشنى خالامسەن؟» بالا ئېيتتى:

ـ قورسىقۇم ئېچىپ قالسا سىز يېگىلى تاماق بېرەمسىز؟

ـ شۇنداق.

ـ كەيگىلى كىيىمىم بولمىسا سىز ماڭا بېرەمسىز؟

ـ شۇنداق.

ـ كېسەل بولۇپ قالسام سىز مېنى ساقايتالامسىز؟

ـ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ئوغلۇم.

ـ ئۆلۈپ قالسام مېنى تېرىلدۈرەلەمسىز؟

ـ ياق،مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

ئوغۇل ئېيتتى: « تاغا، ئۇنداقتا مېنى ياراتقان خۇداغا قويۇڭ. ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ، ماڭا يېمەك-ئىچمەك بېرىدۇ، مۇبادا كېسەل بوپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ. مەن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.»

بۇ كىشى « الله قا ئىشەندىمكى، الله قا تايانغان كىشىگە، الله ئۆزى يىتەرلىك ئىكەن.» دېگەچ، سۈكۈت ئىچىدە ئايرىلدى.

« مەيلى سىز چاچلىرىڭىزنى چۇۋۇڭ، يۈزلىرىڭىزنى تاتىلاڭ ياكى قايغۇ-ھەسرەت، دەرت-ئەلەم گېلىڭىزنى بوغسۇن، يۈز بېرىپ بولغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەسلىگە قايتۇرالمايسىز.»

« مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر.» (7: 156)

## 2

## بەخت مەۋجۇت......بىراق كىم ئۇنى تاپالايدۇ؟

ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىرتىدىن بەخت تاپالايدىغان ئادەم يوق. بەخت تېپىشقا يېتەكلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى «ساداقەت، باتۇرلۇق، تىرىشچانلىق، ھەمكارلىق ۋە مېھرىبانلىق» دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بەخت ئەپسانە ئەمەس. ئۇ ئىنتايىن رېئالىي نەرسە. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەھىر ئېلىۋاتىدۇ. مۇبادا بىز تۇرمۇش تەجرىبىمىزدىن ئۆگەنسەك ۋە پايدىلانساق، بىزمۇ بەختتىن بەھرىمەن بولالايمىز. مۇبادا بىز سەۋر قىلساق ئۆزىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بايقىيالايمىز ۋە ئۆگىنەلەيمىز. بىز پەقەت تۈزكورلۇق، بويۇنتاۋلىق ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالمىساقلا، بىلىم، ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئۆزىمىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇپ، الله بىزگە ئاتا قىلغان بەختلىك تۇرمۇشنى كەچۈرەلەيمىز.

« ھېچ نەرسە غەم ـ ئەندىشە كەبى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى نابۇت قىلىپ، ياشلىق باھارىنى پايخان قىلىۋېتەلمەيدۇ.»

« پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ئاتا قىلىدۇ، سەن رازى بولىسەن.» (93: 5)

3

## گۈزەل خۇلۇق گويا قەلبتىكى جەننەت

ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ ئەينىكى. مۇبادا بىر ئادەم باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ جىددىيلىكى بېسىلىدۇ، دوستانە مۇھىتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن مەمنۇنىيەت ھېس قىلىدۇ.

ئەمما، ناۋادا بىر ئادەم باشقىلارغا ناچار پوزىتسىيە تۇتسا، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قوپال مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

گۈزەل خۇلۇق ئىگىسىنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئەمىن بولىدۇ، ئەنسىزلىكى ۋە جىددىيلىكى ئاز بولىدۇ ياكى ئۆزىنى ئاز ئازاپلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇلۇقى گۈزەللىك ئۇلۇغ الله قا قىلىنىدىغان بىر خىل ئىبادەت بولۇپ،ئىسلام بۇنىڭغا چاقىرغان.

ئۇلۇغ الله ئېيتىدۇ: « ئەپۇ قىلغىن، نەسىھەت قىلغىن، نادانلاردىن نېرى تۇرغىن.» (7: 199)

« الله نىڭ مەرھەمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. مۇبادا سەن قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چوقۇم چۆرەڭدىن تارقاپ كەتكەن

بولاتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن الله تىن مەغفىرەت تىلىگىن، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله قا تەۋەككۈل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» (3: 159)

الله نىڭ ئەلچىسى ئېيتىدۇ: « ئاراڭلاردىكى ياخشى كۆرۈشۈمگە ئەڭ نائىل كىشىلەر خۇلقى ئەڭ گۈزەل، باشقىلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ساقلايدىغان كىشىدۇر. ئاراڭلاردىكى مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەر بولسا، سۆز ـ چۆچەك تارقىتىدىغان، دوستلارنى ياتلاشتۇرىدىغان، ئىپپەتلىك ئادەمگە بۆھتان قىلىدىغان كىشىلەردۇر.»

« ئارسالدىلىق، ھورۇنلۇق ۋە ئۈمۈتسىزلىك روھى چۈشكۈنلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.»

«ئالله ھەربىر ئىنساننىڭ تاقىتىگە بېقىپ مەسئۇلىيەت يۈكلەيدۇ.» (2: 286)

## 4

## قانداق قىلغاندا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ

ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگ مۇنداق دەيدۇ: بەختلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش بىرخىل پەۋقۇلئاددە سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئون تۈرلۈك شەرتى بار.

1 ـ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنىڭىزبولسۇن. مۇبادا ئۇنداق قىلالمىسىڭىز، سىز قىززىقىدىغان، ئىشتىن سىرتقى بىر ھەۋەس تېپىڭ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىكار ۋاقتىڭىزنى تولدۇرۇڭ.

2 ـ ساغلاملىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ، ئۇ دېگەن بەختنىڭ بۇلىقى. يىمەك ـ ئىچمەكنى تىزگىنلەڭ، قائىدىلىك تەنھەرىكەت قىلىڭ، ناچار ئادەتلەردىن يىراق تۇرۇڭ.

3 ـ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىڭىزنى تۇرغۇزۇڭ، بۇ سىزگە ئىلھام ۋە كۈچ بېرىدۇ.

4 ـ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى ۋە تاتلىق ـ تۈرۈمىنى قوبۇل قىلىڭ.

5 ـ بۈگۈن ئىچىدە ياشاڭ، ئۆتمۈش ئۈچۈن پۇشايمان يىمەڭ، ئەتە ئۈچۈن ئەندىشە قىلماڭ.

6 ـ يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ قارارى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى سەۋەپلىك ھېچكىمنى ئەيىبلىمەڭ.

7 ـ سىزگە يەتمەيدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە قاراڭ.

8 ـ كۈلۈمسىرەش ۋە خۇشال يۈرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ، ئۈمىدۋار ئادەملەر بىلەن ئۈلپەت بولۇڭ.

9 ـ تىرىشىپ باشقىلارنى خۇشال قىلىڭ، سىزمۇ خۇشال كەيپىياتتىن نەپ ئالىسىز.

10 ـ بارلىق خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇڭ، ئۇلارنى بەخت ـ سائادەتنىڭ لازىمەتلىك ئوررۇنلىرى دەپ بىلىڭ.

« بۈگۈندىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىڭ ۋە بەھرىمەن بولۇڭ. ئازاپ سىزگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ قويۇڭ.»

«سلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نىئمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە بەرگەن.»
(16: 53)

5

## مۆشەققەتلىك پەيتلەردە جانغا ئەسقاتىدىغان ئايال

خاتىرىلىنىشچە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى فاتىمە دائىم نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئېرى ئەلى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

- فاتىمە،سىزگە نېمە بولدى؟

- ئۈچ كۈندىن بۇيان ئائىلىمىزدە يىگۈدەك ھېچ بىرنەرسە تاپالمىدىم - دەپتۇ، ئۇ.

- نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟ - دەپ سوراپتۇ ئەلى.

- ئاتام، اللەنىڭ ئەلچىسى، مەن توي قىلغان ئاخشىمى ماڭا: فاتىمە، مۇبادا ئەلى يىگۈدەك بىرنەرسە ئەكىلىپ بەرسە يىگىن. مۇبادا ئۇنىڭدا بولمىسا ياكى ئۇ ئەكىلىپ بەرمىسە ئۇنىڭدىن سورىمىغىن، دېگەنىدى - دەپتۇ فاتىمە.

نۇرغۇنلىغان ئايالLAR مەخسۇس ئەرلىرىنىڭ يانچۇقىنى تىختىغلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار پۇلنى كۆرۈپلا قالسا، ئائىلىدە جىددى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چاپلىشىۋېلىپ ئارام بەرمەي، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. سوراش ھاجەتسىزكى، مۇبادا ئەر بىرقېتىم

بەرسە، بۇ مەسىلە مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. جەڭگى ـ جېدەل تۈگۈلىدۇ ھەمدە ئاجرىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

«ئۆمۈر تولىمۇ قىسقا، شۇڭلاشقا ئۇنى تېخىمۇ قىسقارتىشقا ئۇرۇنماڭ.»

« ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە ئاللاھقا تەلپۈنىدۇ، ئۇ ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇ.» (55: 29)

## 6

## الله قا سېغىنىپ غەم ـ غۇسسە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پاناھ تىلەڭ

ئاقىل ئىنسان كۆلۈمسىرەشتىن ئايرىلمايدۇ. مۇئمىن كىشى پاسسىپلىق ۋە ئۈمىدسىزلىككە مايىل بولمايدۇ. دۇرۇس، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ غەم ـ غۇسسىسىدىن ساقلىنىش تەس. بىراق، بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇ الله ـ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئۆزىنى ساقلايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. مۇبادا ئۇ ئۈمۈتسىزلىك، بەل قويىۋېتىش پاتقىقىغا پېتىپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقى ۋە پۈتۈن ئىش ـ ھەركىتىنىڭ ئامالسىزلىق ۋە ئىقتىدارسىزلىق تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇڭلاشقا، الله نىڭ ئەلچىسى ئۆز ساھابىلىرىنى الله تىن قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىشنى سوراشقا بۇيرۇيتتى. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى الله نىڭ ئەلچىسى مەسچىتكە كىرىپ، ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ئەنسارىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:« ئەبۇ ئۇمامە، ھازىر ناماز ۋاقتى بولمىسا سەن نېمىشقا مەسچىتتە ئولتۇرىسەن؟» ئۇ جاۋاپ بەردى: «غەم ۋە قەرز سەۋەبلىك، ئى الله نىڭ ئەلچىسى.» ئۇ دېدى:« مەن ساڭا بىر سۆز

ئۆگىتىپ قويايي. مۇبادا سەن ئۇنى دىسەڭ، الله سېنىڭ غېمىڭنى كەتكۈزىۋېتىدۇ، سېنى قەرزدىن خالاس قىلىدۇ، ماقۇلمۇ؟» ئۇ جاۋاپ بەردى:« ماقۇل، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى.» ئۇ ئېيتتى:«سەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا: « ئى الله ساڭا سېغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن پاناھ تىلەيمەن، مېنى ئاجىزلىقتىن ۋە ھورۇنلۇقتىن نېرى قىلغىن، مېنى بېخىللىقتىن ۋە قورقۇنچاقلىقتىن يىراق قىلغىن، مېنى قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ زۇلمىدىن ساقلىغىن.» دېگىن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئەبۇ ئۇمامە دەيدۇ: «مەن شۇنداق قىلغان ئىدىم، الله دەرۋەقە مېنىڭ قايغۇمنى كۆتۈرىۋەتتى،قەرزىمنى ئادا قىلىۋەتتى.»

« يارا پەيدا قىلغىنى سىزنىڭ مەلۇم نەرسىنى سەرپ قىلغانلىقىڭىز ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىنىڭ سىزنى سەرپ قىلغانلىقى.»

« تىللاردا داستان بولغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى مۆۋەپپەقىيەت.»

## 7

## جەننەتتى ئايال

ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ئېيتىدۇ: ئىبنۇ ئاببا‌س ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا جەننەتتى بىر ئايالنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» مەن «ماقۇل» دېدىم.

ئۇ ئېيتتى: بىر قارا تەنلىك ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ ئېيتتى: «مەن سەرئى(تۇتقاق)كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. قوزغالغاندا ئەۋرەتلىرىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەن ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىپ قويسىڭىز.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى:« ئەگەر خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، جەننەت سىزنىڭ بولىدۇ. ياكى مەن الله تىن سىزنى ساقايتىپ قويۇشنى تىلەي.» ئۇ ئايال دېدى:«مەن سەۋر قىلاي، بىراق الله تىن ئەۋرەتلىرىمنى يېپىشنى تىلەپ قويۇڭ.» شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دۇئا قىلدى.

بۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئايال قىسقىغىنا بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان بىر مەسىلىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى جەننەتكە ئالماشتۇردى. ئۇ بىر ياخشى سودا قىلدى. چۈنكى ئۇ جەننەت ئاھالىسىغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىدى، چۈنكى ئۇ بىر ئىخلاسمەن، دۇرۇس مۇسۇلمان ئايالغا ماس كەلمەيتتى. ھازىر، بىز ئاشۇ يالىڭاچ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان

جايلىرىنى ئىپادىلەپ قويىدىغان دەرىجىدە كىيىنىدىغان، ئېسىل رومالىدىن ۋاز كەچكەن ئاياللارغا نېمە دەيمىز؟!

«ئەمدى ئەنسىرمەڭ، سەۋر ۋە قەتئىيلىك بىلەن رىئاللىققا يۈزلىنىڭ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرلەڭ.»

« ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن.»

## 8

## سەدىقە بالانى يەر

سەدىقە خاتىرجەملىك تېپىشنىڭ بىر مۇھىم يولى. مۇبادا بىر ئىنسان ياخشى ئىش قىلسا، الله مۇشۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدۇ، ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە قانائەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ناھايىتى ئازغىنا بىر نەرسە سەدىقە قىلىشنىمۇ تۆۋەن كۆرمەڭ، ھەتتا بىرتال خورما، بىر لوقما تائام، بىر يۇتۇم سۇ ياكى سۈت بولغان تەقدىردىمۇ. نامراتلارغا، مىسكىنلەرگە، ئاچلارغا سەدىقە بېرىڭ، كېسەللەرنى يوقلاڭ. شۇندىلا الله نىڭ ئەندىشە ۋە ئازاپلىرىڭىزنى يەڭگىللەتكەنلىكىنى بايقايسىز. سەدىقە پەقەت ئىسلام دورىخانىسىدىلا تېپىلىدىغان بىر خىل دورا.

بىر ئادەم ئىمام ئىبنۇ مۇبارەكتىن سورىدى: « ئەي ئابدۇراھماننىڭ ئاتىسى، مېنىڭ تىزىمغا سۇلۇق ئىششىق چىقىپ قالغىلى يەتتە يىل بولدى. داڭلىق تېۋىپلاردىن سورىدىم، پۈتۈن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى سىناپ باقتىم. ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى.» ئىبنۇ مۇبارەك ئېيتتى: « كىشىلەر سۇغا ئېھتىياجلىق جايدىن بىرنى تېپىپ، بىر قۇدۇق كولىغىن، ئۈمىدىم، سۇ ئېتىلىپ چىققاندا، تىزىڭنىڭ قېنى توختاپ قالار.» بۇ ئادەم شۇ بويىچە قىلىۋىدى، دەرۋەقە ساقىيىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى الله نىڭ

ئەلچىسى مۇنداق دەيدۇ: « كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: « سەدىقە الله نىڭ غەزىپىنى باسىدۇ ۋە يامان ئاقىۋەتتىن ساقلايدۇ.»

«ئەنسىزلىك بىكارچىلىقنىڭ دوستى»

«ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە هۆرلەردۇر.» (55: 72)

## 9

## قەلبىڭىزنى گۈزەللەشتۈرۈڭ، چۈنكى دۇنيا گۈزەل

شۈبھىسىزكى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار شۇنچىلىك گۈزەل، گۈزەللىكى ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. بىركۈن ئىچىدىكى ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى ئوخشىمايدۇ: تاڭ سەھەردىن ئاخشامغىچە، كۈن چىققاندىن كۈن پاتقىچە، ئاي نۇرى پارلىغان كەچتىن ئەل ياتقۇغىچە، سۈزۈك ئاسماندىن تۇمانلىق ھاۋاغىچە، ھەتتا بىر مىنۇتتىن بىر مىنۇتقىچە، بىر نۇقتىدىن بىر نۇقتىغىچە، بىر بۇلۇڭدىن بىر بۇلۇڭغىچە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى ئوخشىمايدۇ. بارلىق گۈزەللىك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز گويا بىر گۈزەل كۆز كەبى مېھرىلىك نۇر چاچماقتا. ئاۋۇ ئىككى تال يۇلتۇز توپتىن ئايرىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلاشماقتا. مانا بۇ يۇلتۇزلار توپى ئاسماندىكى دوستلار كەبى يىغىلىشقا قاتناشماقتا. ئاۋۇ چۈشكە ئوخشايدىغان ئاي بەزى خىرەلىشىپ بەزى نۇرلىنىدۇ، بەزىدە بولسا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئوخشاپ قالىدۇ، يەنە بەزىدە گويا ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك غايىپ بولىدۇ.

بۇ چەكسىز ئالەم، كۆز مەڭگۈ ئۇنىڭ پايانسىزلىقى تۈپەيلىدىن چارچاپ كەتمەيدۇ، كۆز نۇرى مەڭگۈ ئۇنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدۇ.

بۇ خىل گۈزەللىكنى ئىنسان پەقەت كۆزىتەلەيدۇ ھەم ئويلىيالايدۇ ئەمما

تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ.

«مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. ئەنسىرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟»

«بۆرۈنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارغا ئوخشاش  ياسىنىپ چىقماڭلار.» (33: 33)

## 10

## روماللىق قەھرىمان

خەلىپە ئوسمان ھەبىبنى مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىرىنى باشلاپ، مۇسۇلمانلارغا ئېغۋاگەرچىلىك قىلغان ۋىزانتىيە پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ھەبىبنىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى بىر ئەسكەر ئىدى. جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەبىب قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، ئايالى تۇساتتىن ئۇنىڭدىن سورىدى: «جەڭ قىززىپ، ئەسكەرلەر دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ھەركەت قىلىۋاتقاندا بىز نەدە ئۇچرىشىمىز؟» ئۇ جاۋاپ بەردى: «سەن مېنى ۋىزانتىيە قوماندانىنىڭ چېدىرىدىن ياكى جەننەتتىن تاپالايسەن.»

جەڭ بارغانسىرى ئەۋجىگە چىقتى. ھەبىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىلگىركى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. الله ئۇلارغا غەلبە ئاتا قىلدى. ھەبىب ۋىزانتىيە قوماندانىنىڭ چېدىرىغا ئالدىراپ بېرىپ، ئايالىنى ساقلىماقچى ئىدى. بىراق، ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مەنزىرىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ۋىزانتىيە باش قوماندانىنىڭ چېدىرىغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى.

« سىز يەنىلا خىزمەت قىلالىسىز، ھەركەت قىلالىسىز، ئۆنداقتا، ھاياتتا قىيىن ياكى قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.»

# توققۇزىنجى باب

« چىن ئىشىنىڭكى، ھاياتتا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.»

«مېنى ئەسلەڭلار، مەن سىلەرنى ئەسلەيمەن.» (2: 152)

## 1

## ۋاقتنى ئىسراپ قىلماڭ

پەيغەمبىرىڭىز ئائىشەگە مۇنداق دېگەن: «ناۋادا گۇناھ قىلىپ سالساڭ، اللەتىن ئەپۇ تىلىگىن، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغىن، چۇنكى، بەندە ئۆز گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.»

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ناۋادا سىز تاپماقچى بولغان بارلىق مال ـ دۇنياغا ئىگە بولدىڭىز، بارلىق ئارزۇلىرىڭىزغا يەتتىڭىز، پۈتۈن ئۈمۈتلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشتى، ئارقىدىن سىز يەنە مۇشۇ نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، سىز يىغلايسىز، نەپرەتلىنىسىز، ئازاپلىنىسىز. يوقاتقانلىرىڭىز ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ ئۆزىڭىزنىڭ بارمىقىنى چىشلەيسىز. ئۇنداقتا، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ھەتتا سىز ئويلاپ يەتمىگەن بىر ۋاقىتتا تېنىڭىزدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. سىز بۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

سىزنىڭ ھاياتىڭىز قىممەت، بىباھادۇر. ئۇنى ماددا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ھاياتىڭىزدىكى ھەربىر مىنۇت ئۆتۈپلا كەتسە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. بۇ مىنۇت ـ سىكۇنتلار سىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بايلىقىڭىزدۇر. ئۇلاردىن پايدىلىنىڭ. سىز ئۇلارغا تايىنىپ جەننەتتىكى سىز ئارزۇ قىلغان ھەرقانداق ئېسىل نەرسىگە ئېرىشەلەيسىز. سىز قانداقمۇ ئۆمۈرنى ئىسراپ

قىلىپ، ھەقىقىي تەۋبە قىلماي تۇرالايدىغانسىز؟!

«بەختتە تۇتاشقان بىر يول بار، ئۇ بولسا چامىغىز يەتمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئەنسىرمەسلىك.»

« ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر.» (2: 137)

## 2

## بەختنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ

نۇرغۇن كىشىلەر ياشلىقنى ۋە ساقلىقنى سەرپ قىلىپ مال توپلايدۇ. ئاندىن قالغان ئۆمرىدە، بەختنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ماللارنى خەجلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا بەختسىزلىك بولىدۇ ياكى ئۇلار ياشلىقىغا قايتماقچى بولىدۇ ئەمما قېرىلىق ھامان ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئالدىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ، ئەمما داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەللىك ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ تاشلايدۇ.

مىسىرلىق بىر داڭلىق ئارتىسنىڭ دەپ بېرىشىچە: ئۇ بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن نەرسە پەقەتلا مال ـ دۇنيا ئىكەن. ئۇ پۇل بولسىلا دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. مۇبادا پۇللا بولسا بارلىق ئارزۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دىگەنگە قەتئىي ئىشىنىدىكەن. ئۇ ئارزۇ قىلغان ھەممە نەرسە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. يىگىرمە يىلدىن كىيىن ، الله ئۇنىڭغا ئۇ ئارزۇ قىلغاندىنمۇ زور مال ـ دۇنيا ئاتا قىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ساقلىقنى،ياشلىق باھارىنى،شېرىن چۈشلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. ئېيتىلىشىچە، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: «كاشكى الله تىن مال ـ دۇنيا تىلىمىسەمچۇ، كاشكى الله

تىن مېنى بىر ئۆمۈر نامراتلىق ئىچىدە، دۈملەپ پۇشۇرۇلغان پۇرچاق يەپ، بېلەت پۇلىدىن قېچىپ تىر امۋاينىڭ شوتىسىغا ئېسىلىۋېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تىلىسەمچۇ...»

بۇ ئارتىس ساقلىقنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىلا بىلدى. ئۇ مىسىردىكى ئەڭ باي سەنئەتكارغا ئايلانغۇچە، مال ـ دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇ بارچە مال ـ دۇنيانى خەجلەپمۇ، ئۆز ئۆمۈرىنى بىركۈنلۈك ئۇزارتالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

«ئۆمۈرىڭىزنىڭ تەڭ يېرىمىنى بەس ـ مۇنازىرە بىلەن ئۆتكۈزىۋەتمەڭ.»

«سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار» (2: 45)

## 3

## ئالدىراڭغۇلۇق ۋە تەنتەكلىك بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزى

سەۋرچانلىق ھاماقەت نەپسنى يېڭەلەيدىغان بىر جەڭچى. تەمكىنلىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك غەم ـ ئەندىشىنى يېڭەلەيدۇ. كىمدە ئۇلار كەم بولسا ، شۇ كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يوقىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان دەرت ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدۇ. سەۋرچان ئادەم قەبىھلىك ۋە بەختسىزلىكتىن ساقلىنالايدۇ. ئەمما، ھاماقەت، ئالدىراڭغۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى كونترۇل قىلالمايدۇ، بەختسىزلىكنى كۆپەيتىدۇ، ھەتتا ئەنسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئېغىر ـ بېسىق ئادەم دېگۈدەك پۇشايمان قىلمايدۇ ياكى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئەمما، ئەخمەق ۋە تەنتەك كىشى پۇشايمان بىلەن غەم ـ ئەندىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئادەم تىنىچ، خاتىرجەم روھى ھالەت بىلەن ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا مۇئامىلە قىلسا، ئۇ چوقۇم مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

بىز ئىشىنىدىغان ئىسلام دىنى بىزنى چىقىشقاقلىق، سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىككە چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن ئۇ گۈزەللىككە ئېرىشىدۇ.

ھەرقانداق بىر نەرسىدىن مۇلايىملىق تارتىۋېلىنىدىكەن ئۇ سەتلىشىپ كېتىدۇ.»

«بىز دائىم بەختلىك چاغلىرىمىزنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىمىز.»

« ئۇ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى.» (22: 78)

## 4

## بايلىق يىغىش ئويۇنىنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ

بىقىر بىرۇك مۇنداق دىگەن ئىكەن: «مەن نۇرغۇن بايلىق توپلاپتىمەن، ئەمما، تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئاشۇ بايلىق توپلاش ئويۇننى ئويناۋېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەن، ئۇنىڭ ئاخىرى يوق ئىكەن، يەنە ئۆمۈرۈمنى ۋە بەختىمنى يەپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا، مەن كەسىپ ئالماشتۇردۇم. ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەشرىيات ساھەسىدە بىر خىزمەت تاپتىم. بۇ خىزمەت ماڭا كۆپ پۇل تېپىپ بەرمەيدۇ، بىراق ماڭا شاتلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. مەن يېتەرلىك بايلىق توپلاپ بولغان ھەر بىر كىشىگە شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى: سىز بۇ پۇل ـ مال ئويۇنىنى توختۇتۇپ، بالدۇرراق پىنسىيەگە چىقىڭ، شۇندىلا، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزدىن بەھرىمەن بولالايسىز، ياخشى كۆرگەن خىزمەتنى باشلىيالايسىز، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىن ھوزۇر ئالالايسىز.»

زور بايلىققا ئىگە بۇ شەخس ۋارىسلىرىغا كۆپ بايلىق مىراس قالدۇرۇش ياكى قالدۇرالماسلىققا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنى بىلىدۇكى، مۇبادا ئۇلارنىڭ كۆپ پۇلى بولماي، كاللىسى ۋە پوزىتسىيىسىگە تايىنىپ، بۇ جەمئىيەتكە كىرسە تېخىمۇ ياخشى ئادەم بولالايدۇ. ئىشلىمەي تاپقان

مال ـ دۇنيا هامان ئامەت ئەمەس ئاپەت، بەخت ئەمەس مۇسىبەت بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەيپ ـ ساپا خاھىشلىرىنى قاندۇرالىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالى ئەرزىمەس، پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قوغلىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ياشلىق باھارى ئاستا ـ ئاستا يوقۇلۇپ، تاكى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

«ھاياتتا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ يوقلىقىغا قەتئىي ئىشىنىڭ.»

«بىز ئېيتتۇق : ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە سالامەت بولغىن .» (21: 69)

## 5

## بىكارچىلىقتىن رەزىللىك تۇغۇلىدۇ

بىكارچىلىقتىن رەزىللىك تۇغۇلىدۇ ، ھالاكەتنىڭ يىلتىزى شەكىللىنىدۇ ، مۇبادا ھاياتلارنىڭ بۇرچى ئىشلەش بولسا ، ئۇنداقتا بىكارچىلار ئۆلۈكلەردۇر .

ئەگەر بۇ دۇنيا يېقىن كەلگۈسىدىكى ئاخىرەتنىڭ تەييارلىق مەزگىلى بولسا ، ئۇنداقتا ، لايغەزەللىكنىڭ قىلچە قىممىتى ، ھوسۇلى يوق ، پەقەت زىيىنى ۋە ھالاكىتىلا باردۇر .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆمەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى ئەسكەرتكەنىدى : «ئىككى خىل نېئمەت كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن سەل قارالدى ، ئۇلار ساغلاملىق ۋە بوش ۋاقىتتۇر .»

قانچىلىغان بىجىرىم كىشىلەر قىلچە نىشانسىز تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، ئۇلارنىڭ نە ئالدىرىغۇدەك ئىشى ، نە كۆرەش قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇنلىغۇدەك بۇرچى يوق .

بۇ ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتمۇ؟ ھەرگىز ئەمەس . الله ئېيتىدۇ : «ئەجەبا سىلەر بىزنى ئۆزۈڭلارنى بىھۇدە ياراتتى ۋە بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز ، دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشاھ ـ ئالاھ ئۇستۈندۇر ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ، (ئۇ) ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسىدۇر .»

**(23: 115 ـ 116)**

**ھاياتلىق ھەق بىلەن يارىتىلدى، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە شەيئىلەرمۇ شۇنداق، ئىنسان مۇشۇ ھەقنى چۈشۈنۈشى ۋە شۇ بۇيىچە ياشىشى كېرەك. ئەمما، ئۇ تار نەپسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئىچىدە ياشاپ، ئۆز ئىدىيىسى تەرىپىدىن كۆزى ئېتىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن قىلغان تاللىشى نېمىدىگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!**

**«مۇۋەپپىقىيەتنىڭ سۈرىتىنى دائىم ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئۇ كاللىڭىزدا ئوچۇق بولسۇن.»**

« كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ، ھەمدە ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا رىزىق بېرىدۇ.»
(65: 2 ـ 3)

## 6

## غەزەپ، غەۋغا، ھارغىنلىق بولمىغان بىر ئائىلە

ئۇ ئاتىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى: « ئاتا، ئاخشام دېگەن گەپلىرىم تۇپەيلىدىن مەن بىلەن ئېرىم ئوتتۇرىسىدا بەزى مەسىلىلەر چىقتى. مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىمدا، قىلمىشىمدىن پۇشايمان قىلدىم. مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم، ئەمما، ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشكىلى ئۇنىماي، چىرايىنى ئۆرىۋالدى. مەن ئۇدا ھەپىلىشىپ ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇردۇم، ئۇ ئاخىر كۈلدى ۋە مەندىن رازى بولدى. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئېرىمنى ئاچچىقلاتقان ئاشۇ ئىشلىرىم تۇپەيلى مەندىن ھېساب ئېلىشىدىن قورقىمەن.»

ئاتىسى ئۇنىڭغا دېدى: « قىزىم، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇبادا سىز ئېرىڭىز سىزدىن رازى بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىڭىز، مەن سىزدىن رازى بولمايتتىم. سىز ئېرىنى قاخشاتقان ئايالنىڭ «تەۋرات» «ئىنجىل» «زەبۇر» ۋە «قۇرئان» دا لەنەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ئۇنى قىينايدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى تارىيدۇ. ئېرىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئايالغا خۇش بىشارەت بولسۇن!»

سالىھە ئايال ئېرىنىڭ خۇرسەنلىكىنى ئارزۇلايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتتا ئېرىنى خاپا قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلمايدۇ.

«مەغلۇبىيەتنىڭ خاتىرىسىنى كاللىڭىزدىن سۈپۈرۈپ تاشلاڭ.»

«ئىمان يوق ئادەمدە خاتىرجەملىك يوق.»

## 7

## ئىپپەت ۋە ھايا ھۆسنىڭىزگە ھۆسىن قوشىدۇ

سىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلىمەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئىشتاننى ئۇزۇن سۆرەپ كېيسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ.» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، «ئاياللارنىڭ كۆڭلىكىچۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇلار بىر غېرىچ ئۇزۇن كېيسۇن.» دەيدۇ. ئۇ «ئەمما ئۇلارنىڭ پاچىقى ئېچىلىپ قالىدۇ.» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىر گەز ئۇزارتسۇن، ئەمما يەنىمۇ ئۇزارتىشقا بولمايدۇ.» دەيدۇ.

ئۇممۇ سەلىمە نەقەدەر ياخشى بىر ئۆلگە ـ ھە! ئۇ ھاكاۋۇر، مەنمەنچى ئايال ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمان ئاياللار ئاددى ـ ساددا، پاكىزە، ئېسىل بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ پاچىقى ئېچىلىپ قالسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى ئەرلەر ئارقىسىدىن ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن، يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئاياللار (ئاللاھ رەھىم قىلغانلاردىن سىرت) ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە، كۆڭلىكىنى قىسقارتىپ، ئاشۇ يالىڭاچ، شاللاق، كاپىر ئاياللارنى دورىماقتا. ئۇلار بۇخىل يالىڭاچلىق ۋە شاللاقلىق ئۈچۈن مىڭلارچە باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. «ئاللاھقا تايانماستىن كۈچ ۋە چارە تاپقىلى بولمايدۇ.» ئۇلارنىڭ ئەرلىرىمۇ پەقەت نامدىلا ئەر بولۇپ، ئاياللىرىنىڭ قېشىدا ماڭىدۇيۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ

ھاياسىزلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

«تەنىنىڭ ئەمىنلىكى ئاز يەپ ـ ئاز ئىچىشتىن ، روھىنىڭ ئەمىنلىكى ئاز گۇناھ قىلىشتىن، قەلبىنىڭ ئەمىنلىكى ئاز ئەندىشە قىلىشتىن، تىلىنىڭ ئەمىنلىكى ئاز سۆزلەشتىن كېلىدۇ.»

«سەۋرچان كىشى ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.»

## 8

## ئاللاھ ئايرىلغانلارنى ئۇچراشتۇرىدۇ

يىگىرمە نەچچە يىلغا سوزۇلغان جۇدالىقتىن كېيىن، ئاللاھ بىر ئانا بىلەن ئۇنىڭ يىگىرمە بەش ياشلىق قىزىنىڭ قايتا ئۇچرىشىشىنى تەقدىر قىلدى. بۇ ۋەقە ئۇنىڭ يىگىرمە بەش ياشلىق قىزى شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان سەۋدە تېغىدىكى تەتىل كەنتىدە يۈزبەرگەن. بۇ ئانا ئېرىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن قايتا توي قىلغان. يىڭى ئېرىنىڭ ئەھۋالى سەۋەبىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كۆچۈپ يۈرگەن. بۇ ئۇنى ئالدىنقى ئېرى قارايدىغان قىزىنى كۆرۈشتىن`تۇسۇپ قويغان.

بىر گۈزەل ياز كۈنى، ئەبھادىكى سەۋدە تېغىدا، بۇ قىز تەتىل كەنتىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلار سۆھبەت باشلايدۇ. بىراق بىر ـ بىرىنى تونۇمايدۇ. پاراڭ ئەسناسىدا بۇ ئانا قىزنىڭ بىر بارمىقىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئانا ئۆزىنىڭ دەل ئايرىلىپ كەتكىلى يىگىرمە نەچچە يىل بولغان قىزى بىلەن يۈز تۇرانە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ قىزىنى باغرىغا باسىدۇ. تولۇپ تاشقان مېھرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«بەخت ھەققىدىكى ئوي ـ خىيال ئالدى ـ كەينىگە قاراپ بېقىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ،بۇنىڭ ئۆزى بەخت تۇيغۇسىنى بۇزىدۇ.»

«ئۇلار گۇيا ياقۇت ۋە مارجانغا ئوخشايدۇ.» (55: 58)

## 9

## زامان ۋە ماكاننى توشقۇزغان بىر كەلىمە

مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ، ساڭا دۇئا قىلىشىم، سەن بىلەن ئۇلپەتلىشىشىم ئۈچۈن ماڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويساڭ.» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئى مۇسا، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېگىن.» دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ھەممە ئادەم ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دەيدۇغۇ؟» دېگەندە، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۇسا، مۇبادا يەتتە ئاسمان ۋە كەڭ زېمىن تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە، ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› يەنە بىر پەللىسىگە قويۇلسا،بۇ بىر كەلىمە سۆز ئېغىر كەلگەن بولاتتى.»

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن سۆز يامانلىقنىڭ قاپقاراڭغۇ زۇلمىتىنى قوغلاپ، ھىدايەتنىڭ يۇپيۇرۇق نۇرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، بۇ كەلىمەنى ئېيتقان كىشى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى نۇرغا ئىگە بولىدۇ. بۇ نۇرلارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزىلەرگە نىسبەتەن، بۇ سۆزنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ قەلبىدە قۇياشقا ئوخشايدۇ، بەزىلەرگە نىسبەتەن پارلاق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ،بەزىلەرگە نىسبەتەن ئېلىكتىر چىراقنىڭ نۇرىغا، يەنە بەزىلەرگە نىسبەتەن خىرە چىراق نۇرىغا ئوخشايدۇ. بۇ سۆزنىڭ يورۇقلۇقى ئاشقانسېرى گۇمان ۋە شەھۋەتنى قوغلاش كۈچىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ.

«مۇئمىننىڭ بەختى ئاللاھنى سۆيۈشتە، ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر بەخت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. ساداقەتمەن مۇئمىن ئۇنى چۈشۈنەلەيدۇ ۋە ئۇنى ھەرقانداق نەرسىگە تېگىشىشنى خالىمايدۇ.»

« ئايال مال ـ دۇنيا ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىتتىن قىممەتلىك.»

## 10

## جەننەتكە تەشنا قەلبلەر

سىز ئاشۇ پاك ـ دىيانەتلىك ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئېرى ئىككى بالىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارغا ئۆگەتكەن تۇنجى نەرسە ئىبادەت، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە تەھەججۇد نامىزى بولدى.

ئۇ ئوغۇللىرىغا ئېيتتى: « ئائىلىمىزدە كېچىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسى بىرەيلەننىڭ ناماز ئوقۇشى ۋە ئاللاھنى ئەسلىشى ئىچىدە ئۆتىشى كېرەك.» ئۇلار ئېيتتى : « ئانا، سىز نىمە دېمەكچى؟» ئۇ ئېيتتى: « بىز كېچىنى ئۇچكە بۆلىمىز ،ئىچىڭلاردىن بىرى دەسلەپكى ئۇچتىن بىرىدە ناماز ئوقۇيدۇ، يەنە بىرى ئىككىنچى ئۇچتىن بىرىدە ناماز ئوقۇيدۇ، مەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچتىن بىرىدە ناماز ئوقۇيمەن، ئاندىن سىلەرنى بامداتقا ئويغۇتىمەن.» ئۇلار ئېيتتى : « ئانا، بىز رىئايە قىلىمىز.»

ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، بۇ ئىككى ئوغۇل تەھەججۇد نامىزىنى تاشلىمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىمان ۋە نامازغا قارىتا قىزغىن مۇھەببەتكە تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شېرىن دەقىقىلەر دەل كېچىدىكى ناماز ئۆتەۋاتقان چاغ ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار بىر كېچە ۋاقىتنى تەڭ بۆلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن تازا ھالسىز لىنىپ كەتكەندە، يەنە بىرەيلەن تۇرۇپ، پۈتۈن كېچە ناماز ئوقۇپ چىقاتتى.

«ئەتراپىمىزدىكى ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭ بارچە گۈزەللىكى ۋە ئېسىللىكى دەل بەخت ـ سائادەتنىڭ تەكلىپنامىسىدۇر.»

## ئونىنجى باب

**« ئەلۋەتتە، ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.»**

« مۇبادا سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى سانىساڭلار، سىلەر ساناپ بولالما يسىلەر.» (14: 34)

## 1

## تەقدىرگە ئىشىنىش

قۇدرەتلىك، شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئاللاھ ئېيتىدۇ:

« يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر، بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەپ قويۇلغان. بۇ ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر. (بۇنداق بولىشى) سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار يوقاتقانغا قايغۇرۇپ، ئۇ سىلەرگە ئاتا قىلغىنى ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن بارچە ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.» (57: 22 ـ 23)

« سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.» (2: 216)

تەقدىرگە ئىشىنىش مۇسىبەت كەلگەندە، مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ بىر ئادەم ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مېھرىبانلىقىنى، ئۇلارغا ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشۈنۈپ يەتكەندە، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئۇ بەندىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتىكى ساۋاپ ـ مۇكاپاتنى ساقلاپ قويىدۇ. ئۇ سەۋر قىلغۇچىلارغا زور ئەجر بېرىدۇ. مۇبادا بىز بۇنى مىزان قىلىپ ئويلانساق ۋە ھەركەت قىلساق، مۇسىبەت ئېلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئۇقۇبەت بەخت ۋە خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلغاندا ئاپەتنىڭ تەسىرىنى كېچىكلىتىپ، زىيىنىنى ئازايتالايمىز؟

1 ـ تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتنى ۋە ئەڭ ئۇسال ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

2 ـ تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئويلاڭ.

3 ـ كۆپلىگەن كىشىلەر مەھرۇم، ئەمما سىز نائىل بولغان نېئمەتلەرگە قاراڭ.

4 ـ مۇسىبەتكە ئەگىشىپ كېلىدىغان چۈشكۈنلۈككە تەسلىم بولماڭ.

« ھەقىقەتەن ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ھەقىقەتەن ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.» (94: 5 ـ 6)

« باشقىلارغا خۇشاللىق يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ تېز ئۇسۇلى چىن كۆڭۈلدىن چىققان سەمىمى تەبەسسۇم.»

«ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.» (53: 58)

## 2

## ئوتتۇرھاللىق ھەممىدىن ئەلا

مۇستافا مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، چۈنكى مەن ئوتتۇرھال ئادەم، ئوتتۇرھال كىرىمىم، ئوتتۇرھال سالامەتلىكىم، ئوتتۇرھال تۇرمۇش سەۋىيەم بار. ھەر بىر نەرسىدىن ئازراقتىن بار. بۇ مېنىڭ نۇرغۇن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچۈم بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ دېمەك ــ ھايات دېمەكتۇر. قەلبىمىزدىكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاياتنىڭ ھەقىقى ھارارىتى بولۇپ، بەختنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر...

مەن ئاللاھتىن ئوقۇرمەنگە بىر ئوتتۇرھال تۇرمۇش ئاتا قىلىشىنى، ھەر نەرسىدىن

ئازراقتىن بېرىشىنى تىلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ بىر ياخشى تىلەكتۇر.

ئانام پەلسەپىنى چۈشەنمەيدۇ. بىراق ئۇ بىر ئاددى قەلبكە ئىگە. شۇڭا، ئوقۇمايمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنەلەيدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۇنى «شۈكۈر ـ قانائەت» دەپ ئاتايدۇ، قانائەت قىلغۇچى دائىم خۇشال يۈرۈيدۇ، ھەر نەرسىدىن ئازراقتا ھەمدە مول روھى ئېنىرگىيەگە ئىگە بولىدۇ.

« ساختا كۈلكە ساختا ياخشىلىقنىڭ رۇشەن ئىپادىسى.»

« مېنىڭ خۇرسەنلىكىم نامازدا.» ( ھەدىس شەرىف )

3

## چۈشكۈن ئادەم تىنجىق كەيپىيات يارىتىدۇ

بىر ئادەمنىڭ پوزىتسىيەسى ھەمراھىنىڭ كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيەسىگە تەسىر قىلىدۇ. مۇبادا بىر ئادەم (دوست، جۈپ، خىزمەتداش) مۇلايىم، خۇشخۇي، ئۈمىدۋار بولسا ئۇ مۇشۇ خىسلەتلىرىنى ئۆز ھەمراھلىرىغا تارقىتىدۇ. ئەمما، ئۇ مۇبادا قاخشايدىغان، دەرتمەن بولسا ئۇ ھاياتقا خۇشاللىق بىلەن باقالمايدۇ، دائىم ئەنسىرەيدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇ بۇ خىل ئادەمنى روھسىزلاندۇرىدىغان ئەنسىز كەيپىياتنى ئەتراپىدىكىلەرگە تارقىتىدۇ، خۇددى كېسەل تارقاتقانغا ئوخشاش.

پەقەت ئادەملا بۇخىل تەسىرنى پەيدا قىلىدۇ ئەمەس، كىتاب، رادىئو، تېلېۋىزو رلارمۇ ئوخشاش. بەزىسى جۇشقۇن، بەزىسى چۈشكۈن، بەزىسى ئەنسىزلىك قوزغايدۇ، بەزىسى خاتىرجەملىك بېرىدۇ. بولۇپمۇ كىتاب تۆت پەسىلگە ئوخشايدۇ، بەزىسى باھارغا، بەزىسى كۈزگە ئوخشايدۇ. مۇبادا بىر ئادەم ئۈمىدۋار، ھاياتنى كۆيلەيدىغان، كۆرەشكە، مۇۋەپپىقىيەتكە، ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدىغان كىتابلارنى تاللاشقا مۇۋەپپەق بولسا ئۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما، مۇبادا ئۇ غەم ـ قايغۇ، شەك ـ شۈبھە قوزغايدىغان قىممەت قاراشلارنى، ئىنسان ھاياتى ۋە ئىسان تەبىئىتىگە قارىتا چۈشكۈن پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىتابلارنى تاللىسا ،ئۇ بۇخىل

ئىدىيەلەر تەرىپىدىن يۇقۇملىنىپ قالىدۇ، خۇددى جۇزام كېسىلى ساق ئادەمگە يۇققاندەك. بۇخىل كىتابلار ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

« بەختكە تۇتاشقان يول سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا، بىلىم ـ مەرىپەت، سالىھ ئەمەل، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۇنى ئىزدەڭ. بارچە ئىشلاردا ئوتتۇرھاللىقنى ساقلاڭ، خۇشال بولىسىز.»

« ئاللاھ ئۇلارغا تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى.» (48: 18)

## 4

## ئاغرىنىش ۋە نارازىلىقتىن ساقلىنىڭ

بىر دانىشمەن بۇۋاي مۇنداق دەيدۇ:

« مەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياشلىرىمدا ھەمىشە غۇدۇراپ ـ رەنجىپلا يۈرەتتىم، گەرچە مەن ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن بولساممۇ؛ چۈنكى مەن ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. ھازىر مەن ئاتمىش نەچچە ياشقا كىردىم. مەن ئۆزۈمنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياشلاردىكى ۋاقتىمدا شۇ قەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىمنى تولۇق چۈشەندىم. لېكىن بۇ خىل تۇيغۇ تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى. مېنىڭ ئەسلىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. ئەسلىمىنىڭ ھەممىسى ئەپسۇسلىنىش. مۇبادا مەن ئەينى ۋاقتىتا چۈشەنگەن بولسام تولىمۇ خۇشال ـ خۇرام ياشىغان بولار ئىدىم. مېنىڭ ياشلىقىمدىكى ئەڭ گۈزەل مەزگىللەردە رەنجىيدىغانغا ھەرقانداق سەۋەب بولماسلىقى كېرەك ئىكەن. ئەپسۇس، ھازىر مەن پەقەت يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاستا ـ ئاستا قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىمغا قاراپلا تۇرالايمەن.»

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن سىزگە شۇنداق دېمەكچىمەن:

يا بەختىڭىزنى ھېس قىلىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇڭ ياكى ئۇنى مەنسىتمەي، ھەممە جايدىن بەخت ئىزدەڭ. ئۇنداقتا، سىز ئاغرىنىش ۋە نارازىلىقنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالىسىز، ھازىر

ئۆتمۈشكە ئايلانغاندا بۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ چاغدا تولىمۇ بەختلىك ئۆتكەنلىكىڭىزنى، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ قىلچىمۇ سەزمىگەنلىكىڭىزنى تونۇپ يېتىسىز. ئەمدىكى سىزدە رەڭگى ئۆچكەن ئەسلىمىدىن ئۆزگە ھېچنىمە قالمىغان.

«بىر ئايال ئۆينى جەننەتكە ئايلاندۇرالايدۇ، شۇنداقلا دوزاخقىمۇ ئايلاندۇرالايدۇ.»

«ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ.» (5: 119)

## 5

## نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر كىچىك ئىشلاردىن تۇغۇلىدۇ

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەرزىمەس ئىشلار ھەمىشە مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى، ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، دوستلۇقنىڭ بەربات بولۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەيرانە ـ چۇشكۇن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دالې گارنېك پۈچەك ئىشلارنىڭ كەينىگە كىرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇنداق شەرھىلەيدۇ:

« نىكاھتىكى كىچىك ئىشلار ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئەقلىنى يۇقۇتۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى يۈرەك كېسىلىنىڭ يېرىمى شۇلار تەرىپىدىن كېلىپ چىققان.»

بۇ ئەمەلىيەت مۇتەخەسسىلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان، تۆت مىڭدىن كۆپرەك ئاجرىشىش دەۋاسىنى سوت قىلىپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، چىكاگولىق سوتچى جوزىف ساباس مۇنداق دەيدۇ: « سىز ھەمىشە بىر قىسىم ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ نىكاھ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقايسىز.»

فرانك ھوگېن ـــ نيۇيوركتىكى بىر تەپتىش ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: « جىنايى ئىشلار سوتىدىكى دىلولارنىڭ يېرىمى كىچىك ئىشلاردىن كېلىپ

چىققان. مەسىلەن: ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەل، غەرەزسىز چىشىغا تېگىپ قويۇش، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان بىر ئېغىز گەپ ياكى ھاقارەت قىلىدىغان بىر قول ئىشارىتى... قاتارلىقلار. مانا بۇ كىچىك ئىشلار ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە باشقا جىنايەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ھەقىقەتەن رەھىمسىز ۋە قەبىھتۇر، ئەمما، بىزنىڭ ئابرويىمىز ۋە ئىززىتىمىزگە زىيان سالىدىغان ئاشۇ ئىشلار دۇنيادىكى ئىجتىمائى مەسىلىلەرنىڭ يېرىمىنىڭ سەۋەبىگە ئايلاندى.

«ئەڭ چوڭ ئامەت دەل روھى گۈزەللىككە ئىگە بولۇشتۇر.»

« ئۆز ۋاقتىدا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئۇ سىلەرگە ياردەم بەردى.» (9 :8)

## 6

## تىلىڭىزنى يىغىڭ

تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىشىچە: خالىد بىن يەزىد بىر كۈنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرگە «بېخىل» دەپ، تىل تەگكۈزىدۇ. خالىدنىڭ ئايالى رەملە ئابدۇللاھ نىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۇمۇ ئەينى چاغدا شۇيەردە ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇ جىمجىت تۇرىدۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. خالىد ئۇنىڭغا « نىمىشقا گەپ قىلمايسەن، مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلدۇڭمۇ؟ ياكى ئەسلا گەپ قىلىشنى خالىمامسەن؟» دېگەندە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « ھېچقايسىسى ئەمەس، ئەمما ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارلاشقىلى يارىتىلمىغان. بەلكى گۈلگە ئوخشاش، ھوزۇرلانغىلى ۋە قۇچاقلانغىلى يارىتىلغان. نىمە ئۈچۈن بىز سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ئارلاشقۇدەكمىز؟» خالىد بۇ گەپلەردىن ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تەكىتلەپ، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرسىدىكى سىرلارنى تارقىتىشتىن توسقان. ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ئەسما بىنتى يەزىد ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا كۆپلىگەن ئەر ـ ئاياللار بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكىم ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى

دەيدىغان ئەرلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى دەيدىغان ئاياللار بولىشى مۇمكىن»، دېدى. كۆپچىلىك جاۋاپسىز جىمىپ كەتتى. مەن دېدىم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاشۇنداق قىلىۋاتىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئۇنداق قىلماڭلار، ئاشۇ بىر ئەركەك شەيتان كوچىدا يەنە بىر چىشى شەيتان بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا جۇپلەشكىنىگە ئوخشايدۇ.»

بەزى تەپسىرچىلەر : « ياخشى ئايالار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئاللاھنىڭ پاناھلىقىدا غەيىبنى ساقلىغۇچىدۇر.» (34 :4) دېگەن ئايەتتىكى « غەيىبنى ساقلاش » نىڭ مەنىسى : ئايال كىشىنىڭ ئېرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلىشىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

« ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ساناپ ئولتۇرماي، ئاللاھ سىزگە ئاتا قىغان نىئمەتلەرنى ساناڭ.»

«ھايات قىسقا، غەم ـ قايغۇ سەۋەبلىك ئۇنى تېخىمۇ قىسقارتىۋەتمەڭ.»

## 7

## ناماز ئارقىلىق غەم ـ قايغۇنى قوغلاڭ

دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمان ئاياللار نامازنىڭ بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، كۆڭۈل قويۇپ، ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

«مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.» (2 ـ 1 :23) ئۇلار دائىم كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ،كەمتەرلىك ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋە ئىسلامنى جاھان ئەھلىگە تارقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنىڭ ناماز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ناماز كىشىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ، كىشىنى مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ، ھەل قىلالايدىغان قىلىدۇ. ئۇلار يەنە تەھەججۇد نامىزىنىڭ بىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ ياخشى شەكلى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تۇنجى دەۋەتچى ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىمەكچى ) گە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ساڭا تېگىشلىك بولغان قوشۇمچە ئىبادەتلەرنى ئۆتىگىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنى مەدھىيەگە لايىق بىر ئورۇنغا كۆتۈرگۈسى.» (79 :17)

ئۇ تەھەججۇد نامىزى ئۆتىگۈچىلەرنى مەدھىيەلەيدۇ: «ئۇلار كېچىلەردە

پەقەت ئازغىنا ئۇخلايدۇ.» (17 :51)

ئەنەسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرىپ، بىر ئارغامچىنىڭ ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىغا تارتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ سورايدۇ: «بۇ نىمە؟» ئۇلار: «بۇ زەينەپنىڭ، ئۇ ھېرىپ قالسا ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ.» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام: «ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، ئاراڭلاردا كىم روھلۇق بولسا ناماز ئوقۇسۇن، ناۋادا ھېرىپ قالسا ئارام ئالسۇن.» دەيدۇ.

ئىمانلىق ئايالالار ھەمىشە ئۆزلىرىدىن كېچىلىرى ناماز ئۆتەشنى تەلەپ قىلاتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئالالاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەيتتى. ئەمما، پەيغەمبەر ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىققا بۇيرىدى. ئەڭ ياخشى ئىبادەت ئاز بولسىمۇ ئۆزۈلمەي داۋاملاشقىنىدۇر. بىز بىلىمىز، بۈگۈنكى ئايالالارنىڭ ۋاقتى دۇنيانىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرى بىلەن تۈشۈپ كەتكەن. ئەمما، ئۇلار ھېچبولمىغاندا شەيتانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا كېچىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا بولاتتى. ئەڭ ياخشى ئىش ئوتتۇرھال بولغىنىدۇر، خۇددى ئالالاھنىڭ ئەلچىسى ئېيتقان كەبى: «چەكتىن ئاشۇرۋەتكۈچى (ئاشقۇن) ھالاك بولدى.»

«مۇبادا سىز سادىق بولسىڭىز، ئالالاھقا تەۋەككۇل قىلىڭ. مۇبادا سىز پۇشايمان قىلغان بولسىڭىز، ئەتە ئۈچۈن خۇشال بولۇڭ.»

«سەۋر قۇتۇلۇشنىڭ ئاچقۇچى.»

## 8

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ئايالنىڭ نەسىھەتلىرى

ئاخىلىق بىر ئانا تەبەسسۇمى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن ئۆز قىزىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان:

قىزىم، سەن يىغى بىر تۇرمۇشنى، ئاتا ـ ئاناڭ، قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرىڭ بولمىغان بىر تۇرمۇشنى باشلايسەن. بۇ يىغى تۇرمۇشتا سەن ئېرىڭنىڭ ھەمرايىغا ئايلىنىسەن. ئۇ ھەرقانداق ئادەم ( ھەتتا سېنىڭ ئۆزۈڭ ) بىلەن سەندىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايدۇ.

ئېرىڭ ئۈچۈن ئايال ۋە ئانا بول، ئۇ سېنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلسۇن. ئېسىڭدە تۇت، ھەرقانداق ئەر كىشى ــ بىر چوڭ بالا، ھەرقانداق شىرىن سۆز ئۇنى خۇرسەن قىلالايدۇ. ئۇ سېنى ئېلىپلا سېنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلمىسۇن، چۈنكى، ئۇمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا. ئۇمۇ ئۆز ئاتا ـ ئاناسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى، سەن سەۋەبلىك ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلدى، ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ پەرقىڭ پەقەتلا ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى خالاس. ئايال كىشى دائىم ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاينىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئەمما، ئۇ يىغى تۇرمۇشقا ماسلىششى، ئۆزىنىڭ ئېرى، باللىرىنىڭ ئاتىسى بولغان بۇ كىشى بىلەن بىرگە ياشاشقا ماسلىششى كېرەك، چۈنكى

بۇ ئۇنىڭ يېڭى دۇنياسى.

قىزىم، بۇ سېنىڭ ھازىرىڭ ۋە كەلگۈسىڭ. بۇ سەن ۋە سېنىڭ ئېرىڭ قۇرماقچى بولغان ئائىلە. مەن ساڭا ئاتا ـ ئاناڭنى ئونتۇپ كەت، دېمەكچى ئەمەس، چۈنكى ئۇلار سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بىر ئانا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟ ئەمما، مەن سەندىن ئېرىڭنى ياخشى كۆرۈشۈڭنى، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ئۆتۈشۈڭنى تىلەيمەن.

«سەۋرنى ئاسىيەدىن، ۋاپانى خەدىچەدىن، ساداقەتنى ئائىشەدىن، چىدامچانلىقنى فاتىمەدىن ئۆگىنىڭ.»

« ئەرلەردىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان.» (55: 74)

9

## تەسەللى پەقەت ئاللاھتىن كېلىدۇ

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇئمىنلەر تەسەللى ۋە خۇشاللىق تاپىدىغان بۇلاقتۇر، چۇقۇنغۇچىلارنىڭ مەھبۇبىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەسەللىگە ئېرىشكەن كىشىلەر خۇشال ھالدا تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھقا بولغان سۆيگۈگە تولغان بولىدۇ. ئۇلار دائىم ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى ئويلايدۇ. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى — ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىبان، مەدھىيەگە لايىق، ئەپۇچان، پاك، ئىللىق، ئېھسان قىلغۇچى، ھۆرمەتلىك... نى ياد ئېتىدۇ. ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىدىن تەسەللى ئىزدەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھنى قىزغىن سۆيىدۇ. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ ۋە يېقىنلىشىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە يېقىندۇر. بۇ خىل تۇيغۇ تەسەللى ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بەختلىك، خۇشاللىق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ.

« مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن،ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن.»

(2: 186)

ئەمما، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەسەللى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىش ۋە كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسا ئىتائەت ۋە مۇھەببەتنىڭ مېۋىسىدۇر. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا رىئايە قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان، ئاللاھنى چىن سۆيىدىغان ھەرقانداق كىشى خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىن تەسەللى تاپىدۇ.

« ھەقىقى گۈزەللىك گۈزەل ئىش ـ ھەركەت ۋە ئوي ـ پىكىردىن كېلىدۇ.»

« مەن سىلەرنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.» ( ھەدىس )

## 10

## ئەسمانىڭ ئىككى خىل تۇرمۇشى

ئەسما مۇشەققەتلىق تۇرمۇشتا سەۋر قىلىش، ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ياخشى نەمۇنىسىنى تىكلىدى.

سەھىھ ھەدىستە خاتىرىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دىگەن: زۇبەير مېنى ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەن قارايدىغان ۋە باقىدىغان ئېتىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق ئىدى. مەن سۇ ئەكىلەتتىم، نان ياقاتتىم، يەنە سۇ تۇشۇيدىغان تۆگە ئۈچۈن خورما ئۇرۇقلىرىنى تۇشۇيتتىم. بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرگە بۆلۈپ بەرگەن يەردىن ئۇرۇق تۇشۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىق بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى ۋە كەينىگە مېنىۋالسۇن دەپ، تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ئەمما مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم ھەمدە زۇبەيرنىڭ كۈنلەمچىلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېتىپ قالدى. مەن زۇبەيرنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا نىسبەتەن، سېنىڭ ئۇرۇقنى يۈدۈپ كەلگەنلىكىڭ ئۇنىڭ كەينىگە مىنىشىڭدىن بەكرەك ئېغىر كەلدى.» دېدى. كېيىن، ئەبۇ بەكرى ماڭا بىر خىزمەتچى ئەۋەتىپ بەردى، مەن ئاتقا قارىمسامۇ بولىدىغان بولدى، ئۆزۈمنى گويا ئازات قىلىنغان قۇلدەك ھېس قىلىپ قالدىم.

مۇشۇ سەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئېرىگە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئەمما ئۇ باي بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ مىزانىنى يۇقىتىپ قويمىدى. ئۇ ئىنتايىن سېخى ئىدى، ئەزەلدىن ئالتۇن ـ كۆمۈش يىغمايتتى. بىر قېتىم ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، ياخشىلانغاندىن كېيىن بارلىق قۇللارنى ئازات قىلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزلىرىغا ۋە ئۆيىدىكىلەرگە « سەدىقە قىلىڭلار، خەجلەڭلار، ئېشىپ قالغۇچە ساقلىماڭلار.» دەيتتى.

« ھايات مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن گۈزەلدۇر، تەقۋادارلار ئاخىرەتنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلارلا ھەقىقى بەختلىك كىشىلەردۇر.»

## ئون بىرىنجى باب

« مۇۋەپپىقىيەت ۋە كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، مۇسىبەت ۋە ئازابلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. »

« سەن ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى تۈپەيلى بىئارام بولمىغىن.» (16: 127)

1

## كىم ئەڭ سۆيۈملۈك

پەيغەمبەر سۆيگۈسى ھەرقانداق ئىنسان سۆيگۈسىدىن مۇقەددەستۇر. سىز ئۆزىڭىزدىن سوراپ باققانسىز؟ سىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولغان مۇھەببىتىڭىز زادى قانچىلىك؟ بۇ مۇھەببەتنىڭ ئالامىتى نىمە؟ بۇنى بىلەمسىز؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇيرىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلىش، ئۇ توسقاننىڭ ھەممىسىدىن يېنىش بۇ مۇھەببەتنىڭ ئالامىتىدۇر. ھېس ـ تۇيغۇڭىزنى قايتىدىن كۆزىتىپ، ئۇنى ئالدى بىلەن ئاللاھنى ئاندىن ئاللاھ بىزنى ئازغۇنلۇقتا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاشقا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنى قىزغىن سۆيۈشكە توغۇرلاڭ. مۇبادا ئۆزىڭىزنىڭ جەننەتتە يۈكسەك دەرىجىگە ئېرىشىشنى خالىسىڭىز مۇنۇ ھەدىس ئېسىڭىزدە بولسۇن: « ھەر بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ.» ئەمما بۇ خىل سۆيگۈنىڭ بىرىنجى ئىپادىسى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرىقىغا رىئايە قىلىشتۇر. پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىمەن دەپ تۇرۇپ، قانداقمۇ پەيغەمبەر بۇيرىغاننىڭ ئەكسىنى قىلالايسىز؟ پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگەشمەي تۇرۇپ ، قانداقمۇ پەيغەمبەرنىڭ يولىدا چىڭ تۇرالايسىز؟ پەيغەمبەر تەرجىمىھالىدىن بىرەرنى ئوقۇڭ. قاراڭ، پەيغەمبەرنىڭ كۆزقارىشى نېمىدىگەن ئۇلۇغ! پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى نېمىدىگەن قىممەتلىك ۋە ئېسىل! پەيغەمبەر تەۋسىيەلىرى

كۆيۈنۈشكە نەقەدەر تولغان ـ ھە! پەيغەمبەر ئاللاھتىن قانداق قورقۇپتۇ؟ دۇنيانى قانداق مەنستىمەپتۇ؟ پوزىتسىيىگىزنى توغۇرلاپ، ئۇنى سۈننەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇڭ.

« نۇھ ۋە لۇتنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىدىن يۈز ئۆرىدى ( ئۇلارنىڭ تەلىماتىنى ئىنكار قىلدى ) شۇڭلاشقا ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنىمگە ئەرزىمىدى. ئەمما ئاسىيە بىلەن مەريەم ئاللاھقا ئىشەندى. شۇڭلاشقا ئۇلار شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.»

« مەن ھەقىقەتەن يېقىندۇرمەن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.» (2: 186)

## 2

## بەختنىڭ باي، نامرات بىلەن كارى يوق

بىرناردشو مۇنداق دەيدۇ: « مەن ئۆزۈمنى نامراتلىقنىڭ تەمىنى ھەقىقى تېتىغان دېيەلمەيمەن. مەن يېزىقچىلىق بىلەن جان بېقىشتىن ئىلگىرى، دائىم بىر چوڭ كۇتۇپخانا ــ ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ ئاممۋى كۇتۇپخانىسىغا ۋە ترافالگار مەيدانى يېنىدىكى ئەڭ ياخشى گۈزەل ـ سەنئەت كۆرگەزمە سارىيىغا باراتتىم. مەن پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىمەن؟سىگارت چىكەمدىم؟ ئەمما مەن تاماكا چەكمەيمەن. شامپان ئىچەمدىم؟ ئەمما مەن هاراق ئىچمەيمەن. ئەڭ يېڭى پاسۇندىكى كىيىمدىن بىر قۇر سېتىۋالامدىم؟ ئۇنداقتا مەن ناھايىتى تىزلا بار كۈچۈم بىلەن قاچىدىغان ئاشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن قەسىر ـ داچىلاردىكى كەچلىك زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىمەن. ئات سېتىۋالامدىم؟ ئەمما ئۇلار خەتەرلىك. ماشىنا ئالامدىم؟ ئەمما ئۇلار مېنى ئاۋارە قىلىدۇ. ھازىر مېنىڭ بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغۇدەك پۇلۇم بار. ئەمما مەن پەقەت نامرات ۋاقتىمدىمۇ سېتىۋالالايدىغان زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىلا سېتىۋالىمەن. مېنىڭ بەختىم يەنىلا مەن نامرات ۋاقىتتا ماڭا ياردەم قىلغان ئاشۇ نەرسىلەردىن كېلىدۇ: ئۇقۇشقا ماس كېلىدىغان بىرەر كىتاب، چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىرەر پارچە ماي بوياق رەسىم، يازغۇدەك بىرەر

پىكىر. بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈچۈم بار، ئۇنىڭدا يېتىۋېلىپ ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە خىيال سۈرۈش، تەسەۋۋۇرۇمدا خالىغان ئىشنى قىلىشتىن باشقا يەنە نېمىگە مۇھتاج بولغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇنداقتا، سودا كوچىلىرىدىن سېتىۋالىدىغان ئاشۇ ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنىڭ ماڭا نىسبەتەن نېمە پايدىسى بولسۇن!؟

« ئۆيىڭىزنى جەڭگى-جېدەلنىڭ سورۇنىغا ئەمەس، تېنىچلىقنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇڭ، چۈنكى تېنىچلىق بەختتۇر.»

« پەرۋەردىگارىم، دەرگاھىڭدا، جەننەتتە مەن ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلغىن.» (66: 11)

## 3

## ئەجىبا ئاللاھ تەشەككۈرگە ئەڭ لايىق ئەمەسمۇ

ئاللاھ ـــ شەپقەتلىك خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىش خۇشاللىققا ئېرىشىش ۋە تەشۋىشنى يوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئاددى ئۇسۇلى. چۈنكى سىز ئاللاھتىن مىننەتدار بولغاندا، ئاللاھ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئەسلەيسىز، بەھرىمەن بولغان نېمەتلەرنى قەدىرلەيسىز. ئۇلۇغلاردىن بىرى ئېيتقان: « ناۋادا سەن ئاللاھ ساڭا بەرگەن نېمەتلەرنى بىلمەكچى بولساڭ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ، ئاللاھنىڭ ساڭا قۇلاق، كۆز، ئەقىل، ئىمان، پەرزەنت، رىزق ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئاتا قىلغانلىقىنى ئويلاپ كۆر.»

بىر قىسىم ئايال‌لار ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەختنى ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ. مۇبادا ئۇلار نامرات، كېسەل، ئۆي ـ ماكانسىز، يارىدار كىشىلەرگە قارىغان بولسا ئاللاھ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە تەشەككۈر ئېيتقان بولاتتى، گەرچە ئۇلار كىگىز ئۆيلەردە، تام ئۆيلەردە ياكى قۇملۇقتىكى بىر تۈپ دەرەخ سايىسىدا بولغان تەقدىردىمۇ. ئۆزىڭىزنى جىسمى مېيىپ، ئەقلى زەئىپ ياكى قۇلىقى گاس، ئېغىزى گاچا ئاشۇ كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ ياكى سۆيۈملۈك پەرزەنتىدىن ئازاب بىلەن ئايرىلغان كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، دۇنيادا بۇنداق ئايال‌لار تولا.

« ياخشى سۆز بىلەن سۆيۈملۈك پەرزەنتىدىن ئايرىلغان كىشىلەرگە تەسەللى بېرىڭ، سەدىقە بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈڭ.»

«ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.»

## 4

## بەختىيار ئايال ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ بەختىيار قىلىدۇ

ئورىزۇن سۋىت مۇنداق دەيدۇ:

ناپالىئون ئەڭ ئالى ھوقۇقنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، گەرچە قاتمۇ ـ قات رىقابەتكە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بەختكە يارىشا جوزفىن خانىش بىلەن توي قىلغانىدى. جوزفىننىڭ مۇلايىم تەبىئىتى ۋە گۈزەل خىسلىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز بولمىغان سادىق قوللىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئىخلاسمەن ئەرلەرنى ئۇنىڭ كەينىگە توپلاپ بەردى. جوزفىن دائىم ئەتراپىغا خۇشاللىق تارقىتاتتى، ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ بىۋاستە بۇيرۇق قىلىش شەكلىنى قوللانمايتتى. ئۇ ئىلگىرى بىر دوستى بىلەن پاراڭلاشقاندا بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى: «ماڭا كېرىكى پەقەتلا ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى»، خۇددى ئەنگلىيەلىك بىر شائىر شېئىرىدا تىلغا ئالغاندەك:

«ئۇ بىر ئەتتىگىنى يولدىن ئۆتۈۋىدى، شۇ ئەتتىگەننىڭ بەركىتىدىن پۈتۈن بىر كۈن ئۇلۇغلاندى.»

ئەمەلىيەتتە، دوستۇم، دوستانىلىك ئارىمىزدا خۇشاللىق تارقىتالايدۇ، ھەتتا جانسىز نەرسىلەرگىمۇ. دوستانىلىك بىر خىل شەكىلسىز، چەكسىز گۈزەللىكتۇر. ئەرلەرگە نىسبەتەن ئۇ گويا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشايدۇ، ئاياللارغا نىسبەتەن ئۇ گويا مەڭگۈ ياشلىق باھارىنى

ساقلاشنىڭ ئېپى.

«ئىپلاسلارغا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاچكۆزلەرگە ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى نامايەن قىلغان ئايال بەختلىكمۇ؟»

« ئۈگۈشلۈق پەيتلەردە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭ، قىيىن پەيتلەردە ئاللاھ سىزگە ياردەم بېرىدۇ.»

5

رازى بولۇڭ، چۈنكى ھەر ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

دالې گارنىكنىڭ بەزى سۆزلىرى ئىسلامنىڭ تەقدىر قارىشىنىڭ دەل مۇۋاپىق شەرھىسىدۇر. ئۇ مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىدىن ئاپەتكە يۈزلىنىپ، قايىناپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، خۇددى سۇ كالىسى ۋە دەرەخ غۇلىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى قانداق بايان قىلغانلىقىغا قۇلاق سالايلى: « مەن ئىلگىرى ئۆزۈم دۇچ كەلگەن، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئىشلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانىدىم. ئۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق ـ ھە! مەن نارازى بولدۇم، ئاچچىقلاندىم، چېچىلدىم، كېچىلىرى ئوڭ ـ سولغا ئۆرۈلدۈم. بىر يىل روھى ئازاب چەككەندىن كېيىن، تەن بەردىم ۋە بىردىنلا ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوقلۇقىنى بىلىشكە باشلىدىم. بەلكىم شائىر ۋالىت ھويتماننىڭ تەكلىپى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولسا كېرەك: ‹ ھايۋانات ۋە دەل ـ دەرەخكە ئوخشاش زۇلمەت، بوران ـ چاپقۇن، ئاچارچىلىق، ئاپەت، ئەيىبلەش،كايىش. . .قاتارلىقلارغا يۈزلىنىش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟›»

« مەن ئون ئىككى يىل ۋاقىتتىنى كالىلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۈم. ئەزەلدىن بىر كالىنىڭ ئوتلاقنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى ياكى قەھەتچىلىك بولغانلىقى ۋە ياكى ئۇنىڭ باشقا بىر ئىنەككە يېقىنلاشقانلىقى سەۋەبىدىن غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ھايۋانلار دائىم تېنىچ شەكىل بىلەن

زۇلمەت، بۇران-چاپقۇن ۋە ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ھايۋانلاردا روھى تەڭپۇڭسىزلىق ياكى ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.»

« مۇۋەپپىقىيەت ۋە كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئاپەت ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.»

« ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر.» (4: 81)

## 6

## ئۇممۇ ئەممارەنىڭ بايانى

نەسىبە ( يەنى ئۇممۇ ئەممارە ) ئۇھۇد كۈنىسىدىكى ھېكايىسىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ دەيدۇ:

مەن بىر تۇلۇم سۇنى ئېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆرگىلى باردىم. ئەينى چاغدا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىر قىسىم ساھابىلەر بىلەن بىللە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئىكەن. باشتا مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. كېيىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز بولدى، بۇچاغدا، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە قوشۇلۇپ جەڭگە قاتناشتىم. قىلىچ چاپتىم، ياچاق ئاتتىم ھەتتا يارىلاندىم.

كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ چېكىنگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن ئايرىلغان پەيتتە، ئىبنۇ قەمىئە ۋارقىرىدى: « مۇھەممەدنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، يا مەن ئۆلىمەن يا ئۇ ئۆلىدۇ». مەن مۇسئەب بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ مۆرەمگە بىر قىلىچ سالدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا نەچچە قىلىچ ئۇردۇم، ئەمما ئۇ ئىككى قات ساۋۇت كىيىۋالغان ئىكەن.............

مانا بۇ ئۇممۇ ئەممارە. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇنداق دىگەن: « ئۇھۇد كۈنى مەن قاياققا قارىماي ئۇنىڭ مېنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.»

«ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، غەلۋە ـ غۇدۇردىن هەزەر ئەيلەڭ، ئۇ هېرىپ ـ چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يولسىزلىقتىن يىراق تۇرۇڭ، ئۇ ئازابتىن بىشارەتتۇر.»

« گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۇندىن توققۇزى كەڭ قۇرساق بولۇشتا.»

## 7

## خەير ـ ئېھسان قايغۇ ـ ھەسرەتنى يۇقۇتىدۇ

كۆپلىگەن ھەدىسلەر ئاياللارنىڭ سېخى، شەخسىيەتسىزلىكىنى تەرىپلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئاياللارنى سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئاياللارنىڭ مەردلىكىنى مەدھىيەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مېھمانلارغا ۋە دوست ـ يارەنلەرگە قىلغان خالىسلىقىغا يۇقۇرى باھا بېرىدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇلار بىر قوي سويغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « نېمە قالدى » دەپ سورىغان. ئۇ : « پەقەتلا تاغىقى قالدى » دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئاشۇ تاغىقىدىن باشقا ھەممىسى قاپتۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتقان: ئۇلار سوۋغا قىلغان نەرسىلەر ئالماشقان ساۋاب قىيامەت كۈنىدە ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ئېلىپ قېلىپ، بۇ دۇنيادا باشقىلارغا قارىماي مۇستەقىل بەھرىمەن بولغان نەرسىلەر ساۋاب ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ھەم قىيامەت كۈنىسى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. بۇ خىل دانا كۆرسەتمە بىزنى سەدىقە قىلىشقا، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسما ــ ئائىشەنىڭ ئاچىسىغا ئاللاھنىڭ كۆپ ئىنئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ سەدىقە بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ : « ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ماڭا سەدىقە بېرىشتە بېخىللىق

قىلما، بولمىسا ئاللاھ ساڭا رىزىق  بېرىشتە بېخىللىق قىلىدۇ، دېگەن.»

«قارىغۇ كېچە ھامان تاڭ ئاتىدۇ، ئازاب-ئۇقۇبەت چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ، بالا-قازا مۇقەررەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، جاپا-مۇشەققەت ئۆزلىكىدىن يوقۇلىدۇ.»

« نىئمەت گويا يېڭى كېلىنگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تويلۇقى شۈكۈر قىلماقتۇر.»

## 8

## زىيانى پايدىغا ئايلاندۇرۇڭ

پەند ـ نەسىھەتلەر:

پۈتلىشىپ ئورەككە چۈشۈپ كەتسىڭىز ئۈمۈتسىزلەنمەڭ، چۈنكى سىز ئورەكتىن چىققاندا بۇرۇنقىدىن بەكرەك كۈچلىنىپ كېتىسىز، ھەممىگە قادىر ئاللاھ ھامان چىدامچانلار بىلەن بىللە.

ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىز تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراپ يارىلانغاندا ئەپسۇسلانماڭ، سىز چۇقۇم سىزگە ياردەملىشىپ ئاشۇ زەھەرلىك يا ئوقنى ئېلىۋېتىپ، يارا ئېغىزىنى داۋالاپ، ھاياتلىق ۋە كۈلكىنى ئەتراپىڭىزغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان بىر كىشىنى تاپالايسىز.

خارابىنىڭ يېنىدا بەك ئۇزۇن تۇرماڭ، بۇلۇپمۇ شەپەرەڭ قونغان، جىن ـ ئالۋاستىلار گاھ پەيدا بولۇپ،گاھ غايىپ بولىدىغان جايلاردا، ئەكسىچە نۇرلۇق تاڭدىن بىشارەت بېرىدىغان قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئىزدەڭ.

ئاشۇ ئاللىقاچان رەڭگى ئۆڭگەن، تۇتۇق، قۇرلىرى ئارىسىغا دەرت ـ ئەلەم، غېرىبلىق سىڭىپ كەتكەن خەتلەرگە قارىماڭ، سىز بۇلارنىڭ سىز يازغان ئەڭ ياخشى خەتلەر ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا سىز يازغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرلار ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىسىز.

كۆك قۇتانغا ئوخشاپ قالماڭ، ئۇ ناخشا ئېيتقاندا قان ئاقىدۇ، ھالبۇكى بۇ دۇنيا سىزنىڭ بىر تېمىم قان تۆكىشىڭىزگە ئەرزىمەيدۇ.

«شامال تېرىغان كىشى بۇران ئالىدۇ،»

« ئۇلار گويا ئەتىۋارلاپ ساقلانغان تۇگە قۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ.»
(37: 49)

9

## ۋاپا قىممەتلىك، ۋاپادارلار قېنى

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مول بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇناتتى، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇ تەن سالامەتلىك، مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا جەھەتلەردىكى سىناقلارغا ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىدە ساق يەر قالمىغانىدى. دۇنيالىقتا ئايالىدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچىسى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بولغان ئىمانىغا تايىنىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇنى كۈتەتتى. بۇ ئايال مالاي بولۇپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئون سەككىز يىل خەۋەر ئالدى. ئىشقا بارغاندىن سىرت، ئۇنىڭدىن ئەسلا ئايرىلمىدى. بۇ خىل قىيىن ئەھۋال ئۇزۇن يىل داۋام قىلدى، تاكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلاھى، ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھقا يالۋۇردى. ئۇ نىدا قىلىپ ئېيتتى: « ھەقىقەتەن مېنى كېسەل ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن.» (21: 83)

شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇنى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىشكە بۇيرىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى، ئاللاھ بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىپ بەردى ۋە ئۇنى بۇلاق

سۈيى بىلەن يۇيۇنۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى سىرتىدىكى بارلىق كىسەللەر يۇقالدى. ئاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنى باشقا بىر يەرگە تېپىشكە بۇيرىدى، يەنە بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئۇ بۇيرۇق بويىچە بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن تېنى ئىچىدىكى بارلىق كىسەللەر يۇقالدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋر، ساۋاب تىلەش، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

« ئىنسان سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن، ئەمما سۈكۈت قىلغىنى ئۈچۈن ئەسلا پۇشايمان قىلمايدۇ.»

« ئايال بەختنىڭ بۇلىقى.»

## 10

## ئەستايىدىل، ئېھتىياتچان بولۇڭ

بارلىق ئىشلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، مەسىلەن: بالىلارنى تەربىيەلەش، پايدىلىق ئىشلارنى ئۆزلۈلدۈرمەي قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كەمتەرلىك، ھۇزۇرى قەلب بىلەن ناماز ئوقۇش، ئاللاھنى ياد ئېتىش، سەدىقە بېرىش، ئۆي ئىچىنى پاكىز، رەتلىك تۇتۇش، كىتاب جاھازىسىنى رەتلەش...قاتارلىقلار. بۇنداق دۇرۇس ئىشلارنى قىلىش سىزنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە غەم ـ ئەندىشىلىرىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

مۇئمىن ئاياللار تۇگۇل كاپىر ئايالارغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە تىرىشچانلىقىغا قاراپ بېقىڭ،گەرچە ئۇلار توغرا يولدىن چىققان بولسىمۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ئىسرائىلىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى مېيئىرغا قاراڭ، ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىدا ئۆزىنىڭ ئارمىيىنى باشقۇرۇشتىكى ئېھتىياتچانلىقى، ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بايان قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ مىللىتى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان ئەرلەر دېگۈدەك يوق، گەرچە ئۇ كاپىر، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ.

« بەخت سىھىر ئەمەس، مۇبادا شۇنداق بولغان بولسا قىلچە قىممىتى بولماس ئىدى.»

## ئون ئىككىنچى باب

« گۈزەل بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ئالدى بىلەن گۈزەل پىكىر قىلىڭ.»

‹‹ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر.›› (16: 128)

## 1

## قەيسىرانە مەۋقە تۇرغۇزۇپ، ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ

ئۆزىڭىزدىن تۆۋەندىكى سۇئاللارنى سوراپ،تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ بېقىڭ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر قېتىملىق بارسا ـ كەلمەس سەپەرگە مېڭىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟بۇ سەپەر ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلدىڭىزمۇ؟

قەبرىدە ئۆلپەت بۇلۇپ،غېرىبلىق ھېس قىلدۇرماسلىقى ئۈچۈن،بۇ قىسقىغىنا ھاياتلىق دۇنياسىدا، ياخشى ئەمەللەردىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك راسلىۋالدىڭىزمۇ؟.

قانچە ياشقا كىردىڭىز؟يەنە قانچىلىك ياشىيالايسىز؟ ئەجىبا ھەر بىر باشلىنىشنىڭ ئاخىرلىششى بارلىقىنى،ئاقىۋەت جەننەت ياكى جەھەننەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

مالائىكىلەر جېنىڭىزنى ئالغىلى كەلگەن ۋاقىتتا بىخۇد تۇرىۋاتىدىغانلىقىڭىزنى ياكى ئۇيۇن ـ تاماشا بىلەن بولىۋاتىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ شۇ ئەھۋال قانداق بولار؟ ئاشۇ كۈننى، ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەرنى،

ئائىلىڭىزدىن، بالىلىرىڭىزدىن، ئەڭ يېقىن كىشلىرىڭىزدىن ئايرىلىدىغان چاغنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇ نىھايەت مۇشەققەتلىك ئۆلۈم،جان تەندىن چىقىدىغان چاغدىكى دەھشەتلىك ئازاب... ئۇ بولسا ئۆلۈم...

روھىڭىز تېنىڭىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،يۇيۇلىسىز،كېپەنلىنىسىز، مەسجىدكە ئېلىپ بېرىلىسىز،نامىزىڭىز چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن كىشلەرنىڭ مۈرۈلىرىگە چىقىسىز... قەيەرگە ئېلىپ بېرىلىسىز؟ قەبرىگە،ئاخىرەتنىڭ تۇنجى باسقۇچىغا.ئۇيەر جەننەتتىن بىر باغچا ياكى جەھەننەمدىن بىر ئازگال بۇلىدۇ.

‹‹مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىڭ››

‹‹ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن )ئاللاھ ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.›› (42: 28)

## 2

## ئاگاھ بۇلۇڭ

جاھىل ۋە ئەخلاقسىز ئەر ـ ئاياللارنى دورىماڭ.‹‹ئاللاھ ئاياللارنى دورىغۇچى ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرنى دورىغۇچى .ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ.›› دېگەن ھەدىس بار. مانا بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بارچە ئىشلاردىن پەخەس بۇلۇڭ.بىر قىسىم ئىشلار ھەدىسلەردە چەكلەنگەن،مەسلەن: ئەرلەرگە ئوخشاش ياسىنىۋېلىش،نامەھرەملەر بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىش،مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىش،ئاياللىق سالاپىتىنى يوقىتىپ،يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىنىش،يارەتقان رەببىنى ئۇنتۇش..... قاتارلىقلار.بۇنداق ئىشلار كۆڭۈل ئازابىنى،دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زۇلمىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ خىل قىلىقلار، مېھرىبان ئاللاھ ساقلىغانلاردىن سىرت، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاياللاردىمۇ كۆرۈلدى.

‹‹گۈزەل بولىشنى ئويلىسىڭىز ئالدى بىلەن گۈزەل پىكىر قىلىڭ.››

‹‹پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى،ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن›› ( 147 :3)

## 3

## ئېھسان قىلغۇچىغا تەشەككۇر ئېيتىش بىر خىل بۇرچتۇر

خەيزۇران خەلىفە مەھدى قۇل سودىگىرىدىن سېتىۋالغان بىر دىدەك ئىدى. خەلىفە ئۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، نىكاھىغا ئالدى .ھەمدە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى ئوغلىنى تەخىت ۋارىسى قىلدى.

ئەمما ئۇ ئاچچىقىلانغاندا، خەلىفىگە :‹‹مەن سەندىن ئازراقمۇ ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم ›› دەيتتى.

بەرمۇكىيەمۇ ئېلىپ ـ سېتىلىدىغان دىدەك ئىدى.كېيىن ئۇ ماراكەش خانى مۇئتەمىد بىن ئىباد تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، خانىشلىققا تەيىنلەندى،بىر قېتىم ئۇ چۆرىلەرنىڭ لاي ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ،ئۆتمۈشىنى سېغىندى.ھەم ئۇلاردەك لاي ئوينىغۇسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ئۇنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن زور مىقداردىكى خۇشبۇي ماددىلاردىن لاي تەييارلاپ بەردى.بىراق ئۇ خانغا خاپا بولغاندا :‹‹مەن سەندىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم.›› دەيتتى.خان بولسا كۇلۇپ تۇرۇپ:‹‹لاي ئوينىغان كۈندىچۇ؟!›› دەيتتى.

ئازغىنىسىنى ھىسابقا ئالمىغاندا،ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسىدە سەللا بىخەستىلىك كۆرۈلگەن ھامان، ئۇلارنىڭ قىلغان پۈتكۈل ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتۇر.‹‹ھەدىس

شەرىف›› تە مۇنداق كەلگەن:‹‹ئى ئاياللار جامائەسى،سىلەر سەدىقە بېرىڭلار،چۈنكى مەن دوزاخ ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاياللار كۆردۈم. ئۇلار :‹يا رەسۇلۇللاھ نىمىشقا بۇنداق؟›دەپ سوراشتى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: چۈنكى سىلەر ئالدىراپ قارغايسىلەر،تۇلا بۆھتان قىلىسىلەر،ئەرلىرىڭلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا تانىسىلەر،دېدى.››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:‹‹مەن جەھەننەم ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم،چۈنكى ئۇلار ئەرلىرىگە تانىدۇ،مۇبادا سەن ئۇلارنىڭ بىرىگە بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلىپ،كىيىن سەندىن ئازراقلا ياقتۇرمايدىغان ئىشنى كۆرۈپ قالسا:‹مەن سەندىن ئەزەلدىن ھېچبىر ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم › دەيدۇ.››

ئەرلەر ئايالارنىڭ خۇيىنى بىلىشى كېرەك ،شۇندىلا ئايالار ئاندا ـ ساندا تۇزكورلۇق قىلىپ سالسا ياكى يالغان جۆيلۈپ قالسا ئاچچىقلىنىپ،ئەنسىرەپ يۈرمەيدۇ.

‹‹ئەرلىرى ئۇچۈن دۇئا قىلىدىغان،ئەرلىرىنىڭ ماختىشىغا نائىل،قولۇم ـ خۇشنىلىرىنىڭ ياخشى كۆرىشىگە،دوسلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئايالار مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ئايالاردۇر.››

‹‹ رەھمىتىم غەزىپىمدىن غالىپ كەلدى.›› (ھەدىس قۇددۇس)

## 4

## روھ تەندىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۇلۇشكە ئەرزىيدۇ

ئۆمەر ئىبنۇ ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋىردە بىر كىشىنى بۇيرۇپ سەككىز دەرھەمگە بىر تون سېتىۋاپتۇ.ۋە تونىنىڭ ئۇستىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

- نېمىدىگەن يۇمشاق، نېمىدىگەن ئېسىل تون-ھە!، - دەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشى كۈلۈپ ساپتۇ، -

- نېمىگە كۈلىسەن؟، - دەپ سوراپتۇ خەلىپە. ئۇ ئادەم:

- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سىلى خەلىپە بولۇشتىن ئىلگىرى مېنى مىڭ دەرھەمگە بىر يىپەك تون سېتىۋېلىشقا بۇيرىغان ئىدىلە،شۇ ۋاقىتتا سىلى قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە قويۇپ ‹‹نېمىدىگەن قوپال توقۇلغان-ھە›› دىگەن ئىدىلە، ئەمدى سىلى ئۇچۇن سەككىز دەرھەمگە سېتىۋېلىنغان تون شۇنچە يۇمشاق بىلىنىپ كەتتىمۇ؟ - دەپتۇ.

- قارىشىمچە، مىڭ دەرھەمگە بىر تون سېتىۋالغان ئاشۇ كىشى ئاللاھتىن قورقمايتتى.- دەپتۇ، خەلىپە،- مەندە ھازىر ئۇلۇغۋار غايە ۋە يۇكسەك ئىرادە بار،ھەر قېتىم بىر يېڭى مەرتىۋىگە ئېرىشسەم ئۇنىڭدىنمۇ ئالىراقىنى ئىستەيمەن، ئەمىر بولغىنىمدا،خەلىپە بولۇشنى ئويلايتتىم،ھازىر خەلىپە بولدۇم.روھىم تېخىمۇ يۇقۇرىغا ئىنتىلمەكتە،ئۇ بولسا جەننەتتۇر.

«بىزنىڭ باشقىلارنى سوتلاش ھوقۇقىمىز يوق، باشقىلارنى جازالاش مەسئۇلىيىتىمىز تېخىمۇ يوق.»

«ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ، ئاللاھ سىزنى قوغدايدۇ.»

## 5

## ئۆتمۈش ياكى كەلگۈسىنى قويۇپ، بۈگۈن ئۈچۈن ئالدىراڭ

ھەسرەت بىلەن يۈزلەرگە ئۇرۇپ، ياقىلارنى يىرتقانىنىڭ يوقاتقان نەرسىلىرىڭىز ۋە ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرىڭىزگە قارىتا نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشنىڭ ئۆز ئازابىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى گۇمران قىلىشتىن ئۆزگە يەنە نىمە ئەھمىيتى بولسۇن؟ مۇبادا بىز ئۆتمۈشكە قايتالىغان،ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان شەكىل بويىچە تۈزىتەلىگەن بولساق ئىدۇق،ئۇ ھالدا،بىز بەس ـ بەستە قايتقان،ئادەمنى نەپرەنلەندۈرىدىغان ئىشلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ،بەخىت ـ تەلىيىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بۇلار ئىدۇق.ئەمما،بۇ مۇمكىن ئەمەس.شۇڭلاشقا بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى يىغىپ ئۇبدان ياشىغىنىمىز تۈزۈك. پەقەت بۇلا بىردىنبىر قىلغىلى بولىدىغان تولۇقلىما.

مانا بۇ،«قۇرئان كەرىم» دە ئوھۇد غازىتىدىن كىيىن ،كىشلەرنىڭ سەمىگە سېلىنغان بىر ئىش.ئەينى چاغدا،ئاللاھ يارىلانغان ـ شەھىد بولغانلار ئۈچۈن يىغلىغان ۋە جىھادقا چىققىنىغا پۇشايمان قىلغان كىشىلەرگە شۇنداق دېگەنىدى: «ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ(ئاراڭلاردىكى)ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋتىلگەن كىشلەر ،چۇقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ.» (3: 154)

« بەخت گۈيا ئېچىلىپ تۇزىيدىغان گۈلدۇر.»

«كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن،ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز)بولىدۇ.» (20: 124)

## 6

## مۇۋەپپىقىيەت يۇلىدا مۇسىبەت تۇلا

ئۇممۇ ئەلا ئېيتىدۇكى: «مەن ئاغرىپ قالغاندا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى يوقلاپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى :‹ئى ئۇممۇ ئەلا .خۇرسەن بولغىن،چۈنكى، ئوت كۈمۈشنىڭ غەل ـ غەشلىرىنى يوق قىلىۋەتكەندەك،ئاللاھ مۇسۇلماننىڭ گۇناھىنى كېسەل بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.››»

كېسەللىك گۇناھلاردىن پاكلايدۇ،ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ بەدىنىمىزدە كېسەللىك مىكروبلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ ياكى كېسەل بولغاندا دوختۇرغا كۆرۈنمەڭ،داۋالانماڭ دېگەنلىكنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ.بەلكى ئاكتىپ داۋالىنىش بىلەن بىرگە سەۋىر قىلىشىمىز،ئاللاھتىن ساۋاب تىلىشىمىز كېرەك.شۇنداقلا ئۇنى ياخشى ئەمەللەر دەپتىرىمىزدىكى زاپاس بايلىق دەپ قارىشىمىز لازىم.سالىھە ئايال ئۇممۇ ئەلانىڭ بىزگە ئۆگەتمەكچى بولغىنىمۇ مانا مۇشۇ.

ئايال ئېرى، بالىسى كەبى يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا سەۋىر قىلمىقى لازىم.«ھەدىس» تە مۇنداق دېيىلگەن:«ناۋادا بىر كىشىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئالەمدىن ئۆتسە،ئۇ بۇنى سەۋرچانلىق ۋە ساۋاب تىلەش بىلەن قوبۇل قىلسا،ئۇنداقتا ئاللاھ ئۇ مۆئمىن بەندىسىگە جەننەتنى بەرمەي

قويمايدۇ.»

بىر ئايال ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا،بۇ ئاللاھ تائالا نىڭ ئۆز بەندىسىنى چاقىرغانلىقى ئۈچۈندۇر،ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى بار.مۇبادا بۇ ئايال«مېنىڭ ئېرىم ياكى مېنىڭ بالام» دىسە،يارىتقۇچى ئاللاھ «ئۇ مېنىڭ بەندەم،ئۇنىڭغا،مەن باشقىلاردىن بەكرەك ھەقلىق» دەيدۇ.دېمەك ئەر ئۆتنە،بالا ئۆتنە،قېرىنداش ئۆتنە،ئاتا ـ ئانا ئۆتنە،ئايال ھەم ئۆتنە.

«تۆھمەتتىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قېچىڭ.»

«مېھرىبان كىشىلەرگە مېھرىبان ئاللاھ مېھرىبانلىق قىلىدۇ.» «ھەدىس»

## 7

## رەھىمدىل بەندىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەدىستە ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى.ئەنە شۇ مۇكەممەل مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ بۇلىقىدۇر.پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بىر جانلىق مىسال قىلىپ تۇرۇپ،ھەممىگە قادىر،شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسىر ئېلىنغان بىر قىسىم ئاياللار ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنىدى،ئۇ بىر ئايالنىڭ ئەسەبىلەرچە پىرقىراپ ئۆز بالىسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. نىھايەت ئۇ ئايال بالىسىنى تېپىپ، باغرىغا بېسىپ،ئېمىتىشكە باشلىۋىدى. رەسۇلۇللاھ :«سىلەرچە بۇ ئايال بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟»دەپ سورىدى.بىز :«ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ» دېدۇق. شۇ ئاندا ئۇ :«ئاللاھ بەندىلىرىگە بۇ ئانا بالىسىغا كۆيۈنگەندىنمۇ بەكرەك كۆيىنىدۇ »دېدى.

بۇ ئايال ئەسىرگە چۈشكەن،ھالى خاراب.ئىلگىرى ئۇ بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى،قەبىلىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ھىمايىسىدىكى ھۆر ئادەم ئىدى،پەقەت ئېرىگىلا ئىتائەت قىلاتتى. ئەسىرگە ئېلىنىش ئۇنى خار دىدەككە ئايلاندۇرۇپ قويىدى،ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدەك ھالغا چۈشۈپ قالسا،ئەتراپىدىكى

ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ،قەلبى ئازابتىن ئۆرتىنىدۇ،يۈرىكى دەرت ـ ئەلەمگە تۇلۇپ تاشىدۇ.لىكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسى  ئۇنى بالىسىغا ـ جىگەر پارىسىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببەتتىن توسۇپ قويالمىدى.ئۇ ھەممە يەرنى باقتى.تاكى بالىسىنى تاپقانغا قەدەر ئىزدىدى. تاپتىمۇ باغرىغا باستى.بۇ ئايال بالىسىنىڭ ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ قېلىشىغا قەتئى ئۇنىمايدۇ.بۇ ئايال بالىسىنى بارچە زىيانلاردىن قوغدايدۇ.ھەتتا بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالايدۇ.

«قۇپال تىلنىڭ ئۆز ئىگىسىگەكەلتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىنمۇ ئېغىردۇر.»

«ئاللاھقا بولغان مىننەتدارلىق ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلايدۇ.»

## 8

## ئۈمىدۋار كىشلەرلا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلەيدۇ

قار ـ مۇزلار دەرۋازىڭىزنى توسۇۋېلىپ،سىزنى قاماپ قويسا،ئۇنداقتا باھارنىڭ كېلىشنى كۈتۈڭ.دېرىزىڭىزنى ئېچىپ،ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىڭ،يىراقلارغا نەزەر سېلىڭ.شۇندىلا قۇشلارنىڭ بەس ـ بەستە سايراۋاتقانلىقىنى ،ئالتۇندەك قۇياش نۇرىنىڭ دەرەخ شاخلىرىدىن مارىلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز،شۇندىلا يېڭى ھايات،يېڭى ئىستەك،يېڭى قەلبكە ئىگە بولىسىز.چۆل ـ باياۋاندىن گۈل ـ گۈلىستان ئىزدىمەڭ،ئۇ يەردىن غېرىبلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمايسىز.سىزگە سايە ۋە مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەردىن بەھرلىنىڭ. شاخلىرىغا قونغان قۇشلار بىلەن بىرگە خۇش ناۋا ئەيلەڭ.

تۇنۇگۇنگە ۋە ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن خاتالىقلىرىڭىزغا قارىماڭ،ھاياتتا، دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلدىمۇ مەڭگۇ ئەسلىگە قايتمايدۇ،ئەمما ھەر باھاردا يېڭى ياپراق ئۆسۈپ چىقىدۇ.نەزىرىڭىزنى بۇك ـ باراقسان دەرەخلەرگە تاشلاڭ،خازان بولغان ياپراقلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

ئۆتمۈش ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى.بۈگۈنلا سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا،مۇبادا بۈگۈنمۇ ئۆتۈپ كەتسە،سىزنىڭ يەنە ئەتىڭىز بار.تۇنۇگۈن ئۈچۈن قايغۇرماڭ.چۈنكى ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.بۈگۈن ئۈچۈن ئەپسۇسلانماڭ،چۈنكى ئۇمۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.گۈزەل ئەتىنى ۋە پارلاق

قۇياشنى كۈتۈك.

«سۇخەنچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەت تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بولىدۇ.»

«ئايالىلار ئەرلەرنىڭ يېرىمى.» (ھەدىس)

## 9

ئاسانچىلىقتا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭ، قىيىنچىلىقتا ئاللاھ سىزگە ياردەم بېرىدۇ

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇق-دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى، بېلىق قارنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەرىپىدىن قاپسىلىپ، ھەسرەت-نادامەت ۋە غەم-ئەندىشىگە چۆمگەندە، ھەممىگە قادىر، ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھقا، چۈشكۈنلەشكەنلەرگە ياردەم بېرىپ، غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىدىغان، مېھرىبان، تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدى.

«ئۇ قاراڭغۇلۇقتا(يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا):‹پەرۋەردىگارىم)سەندىن بۆلەك ھېچ بىر مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر،سەن جىمى كەمچىلىكتىن پاكتۇرسەن،مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم،› دەپ نىدا قىلدى» (21: 87).

ئىجابەت ناھايىتى تېز بولدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئېيتتى:«ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى(بېلىق يۇتقان چاغدىكى غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۇئمىنلەرنى(ئېغىرچىلىقلاردىن)خالاس تاپقۇزىمىز.» (21: 88)

ئاللاھ بېلىققا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بىر پارچە قاقاس ئارالغا تاشلاشنى ئىلھام قىلدى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىرغاققا يامىشىپ

چىققاندا، ناھايىتى زەئىپ ئىدى، بىراق ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ياغدۇردى. ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام چۈشكەن يەرگە بىر تۇپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى، ھاياتلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ئەنە شۇنىڭدەك، ئاسانچىلىقتا شۈكۈر قىلغان كىشىگە، ئاللاھ قىيىنچىلىقتا ياردەم بېرىدۇ.

«پەقەت ھاياتنى باشقۇرالىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى باشقۇرغىلى بولىدۇ.»

«خوتۇنسىز ئەر بىچارە.»

## 10

## دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت باھالىق تويلۇق.

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمگە توي تەلپى قويۇپ،قىممەتلەك تويلۇق تەكلىدى.ئەمما ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇممۇ سۇلەيم مەغرۇرانە ھالدا ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى رەت قىلىۋەتتى ۋە:«مەن ھەرگىزمۇ بىر مۇشرىككە تەگمەيمەن،سەن بىلمەمسەن؟ئەي ئەبۇ تەلھە! سىنىڭ ئۇ ئىلاھلىرىڭنى فالان ـ فالان ئائىلىنىڭ قۇللىرى ئويۇپ ياسىغان،سەن ئۇلارنى ئوتقا سالساڭ، كۆيۈپلا تۈگەيدۇ» دېدى.

ئەبۇ تەلھە ئىلاجسىز قايتىپ كەتتى،ئۇ قاتتىق ئازابلاندى،بۇنداق زەربە ئۇنىڭغا ئېغىر ھار كەلدى.بىراق چىن مۇھەببەت ئۇنى ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ ئېسىل تويلۇق بىلەن ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ تويلۇقلارنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق بۇ قېتىم ئۇممۇ سۇلەيم ئەدەپ بىلەن:

ـ ئەي ئەبۇ تەلھە! سەن ئەسلىدە رەت قىلىنىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدىڭ، بىراق سەن بولساڭ كاپىر ئەر، مەن بولسام مۇسۇلمان ئايال، مېنىڭ ساڭا تېگىشىم دۇرۇس بولمايدۇ، ـ دېدى.

ـ مەن ساڭا ساپ ـ سېرىق ئالتۇن، ئاپ ـ ئاق كۈمۈشلەرنى بېرىمەن. ـ دېدى ئەبۇ تەلھە.

ـ ماڭا نە سېرىق ئالتۇن نە ئاق كۈمۈش كېرەك ئەمەس، مەن سەندىن

مۇسۇلمان بولۇشىڭنى ئىستەيمەن.

ـ كىمگە مۇراجىئەت قىلىمەن.؟

ـ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە.

...شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئىزدەپ كەلدى، بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئىدى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنى كۆرۈپ: «ئەبۇ تەلھە كەلدى، چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ نۇرىنى كۆرۈپ يەتتى.» دېدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى، ۋە ئىسلامغا كىردى. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن تۇرمۇش قۇردى.

بۇ ئايال شان ـ شەرەپ ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ نەمۇنىسى. ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە قاراڭ، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋە ئالىجانابلىقنى نامايەن قىلالىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كۆپلىگەن ئەجىرگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ قالدۇرغان گۈزەل ئەسلىملىرىگە قاراڭ، كىشلەر ئۇنى ياد ئېتىدۇ، ئۇنى مەدھىيلەيدۇ. ئۇ رەببىگە،ئ ۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان ساداقىتى سەۋەبلىك كاتتا ساۋابقا، زور بەختكە نائىل بولدى.

«بۇ كۈن(يەنى قىيامەن كۈنى)راستچىللانىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان كۈندۇر» (5: 119)

شۇڭلاشقا ئۇ جەننەت بىشارىتىنى ئالدى، مەڭگۈ شۇ ماكاندا ياشايدۇ، غەلبە ھۈزۈرىنى سۈرىدۇ.

«باشقىلارنىڭ سىزگە تەبەسسۇم قىلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئاۋۋال سىز ئۇلارغا تەبەسسۇم قىلىڭ.»

# ئون ئۈچىنجى باب

«تەبەسسۇم قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ.»

«ساﺋا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەبىر قىلغىن.» (17 :31)

# 1

## زەپەر ئاچقۇچلىرى

ئىززەتنىڭ ئاچقۇچى - ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش.

رىزىقنىڭ ئاچقۇچى - تىرىشچانلىق،ئىستىغفار ۋە تەقۋادارلىق قىلىش.

جەننەتنىڭ ئاچقۇچى - تەۋھىد.

ئىماننىڭ ئاچقۇچى - ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىش.

ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى - سەمىمىيەت.

روھىيەتنىڭ ئاچقۇچى - قۇرئان ئۆگىنىش،سەھەرلەردەئىلتىجا قىلىش،گۇناھلارنى تەرك ئېتىش.

ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى - چىرايلىقچە سوراش ۋە ئەستايىدىل ئاڭلاش.

غەلبە-نۇسرەتنىڭ ئاچقۇچى - سەۋىر-چىدام.

مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئاچقۇچى - ئىخلاس.

كۆپەيتىشنىڭ ئاچقۇچى - شۈكرى-تەشەككۇر.

ئۇ دۇنياغا قىزىقىشنىڭ ئاچقۇچى - بۇ دۇنيادىن سوغۇش.

ئىجابەتنىڭ ئاچقۇچى - دۇئا .

«تەبەسسۇم قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ.»

«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن.» (3: 8)

## 2

## كۈلپەتتىن كېيىنكىسى نۇسرەتنىڭ لەززىتى

بىر قىز شىرىن ئايدىن كېيىن، ئانىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ:

سۆيۈملۈك ئانا، بۈگۈن مەن شىرىن ئاينى تۈگۈتۈپ، ئېرىم مەن ئۈچۈن راسلىغان كىچىك ئۇۋامغا قايتىپ كەلدىم. شۇتاپتا قېشىمدا بولۇشىڭنى شۇنداق ئۈمۈد قىلىمەن، ئۇ ھالدا، مەن ساڭا ئېرىم بىلەن بولغان يېڭى تۇرمۇشۇم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلىگەن بولاتتىم. ئۇ بىر ياخشى ئەر، ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن. خاتىرجەم بولغىن، ئانا، نەسىھەتلىرىڭنى دىلىمدا ساقلايمەن ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىمەن. توپۇم بولغان كۈنى، مېنى باغرىڭغا بېسىپ تۇرۇپ، قۇلاق تۈۋىمدە پىچىرلىغان ھەر بىر سۆزۈڭ تۇلۇق ئېسىمدە، ئانا.

مەن ھاياتقا سەن كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلىمەن، سەن مېنىڭ ياخشى ئۈلگەم، مېنىڭ پەقەت سەن قەدىردان دادام ۋە بىز باللار ئۈچۈن قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلىشتىن ئۆزگە نىشانىم يوق.ئانا! سەن بارچە مېھرىڭنى بىزگە بېغىشلىدىڭ، بىزگە ھاياتنىڭ مەناسىنى ۋە قانداق ياشاشنى ئۆگەتتىڭ. ئۆز قوللىرىڭ بىلەن قەلبىمىزگە سۆيگۈ ئۇرۇقى تىكتىڭ.

ئانا! مەن ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن، چۇقۇم ئۇ كەلدى، ئۇ ساڭا يازغان خەتلىرىمنى ئوقۇشنى خالايدۇ، مېنىڭ ئانامغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلگۈسى كېلىدۇ! روھىم ۋە پىكرىم ئارقىلىق سەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ شاتلىق دەقىقىلىرىدىن ئۇنىڭمۇ بەھرلەنگۈسى كېلىدۇ. ئۇ مەندىن قەلەمنى ئۆزىگە بېرىشىمنى، ساڭا بىر نەچچە قۇر خەت يازغۇدەك جاي قالدۇرۇشۇمنى ئىستەيدۇ.

سېنى سۆيىمەن ئانا! دادامنى، قېرىنداشلىرىمنىمۇ سۆيىمەن.

«كۆلۈمسىرەش سىزدىن ھېچنىمە تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى سىزگە نۇرغۇن نەرسىنى بېرىدۇ.»

«پەرۋاردىگارىمىز! بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن.» (2: 127).

### 3

### ئەنسىرەش جاننىمۇ، تەننىمۇ قىينايدۇ

تەشۋىشنىڭ ئەڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى ، دەل بىزنىڭ زېھنىمىزنى يىغالماس قىلىپ قويىدىغانلىقىدۇر. بىز مەلۇم بىر ئىشتىن ئەندىشە قىلغان ۋاقىتتا، ئوي ـ پىكرىمىز چېچىلىپ كېتىدۇ، ئەمما بىز ئۆزىمىزنى ئەڭ ئۇسال ئەھۋالغا مەجبۇرىي يۈزلەندۈرگىنىمىزدە ،دىققەت ئېتبارىمىزنى مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرەلەيمىز.

بىزنىڭ رىقابەتلىك بىر خىزمەتكە قارىتا، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەڭ ئەنسىزلىك ھىس قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەت بىر ـ بىرىنى يەكلەيدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدىن ئەنسىرگىنىڭىزدە، خاتىرىڭىزنى ئۆتمۈشتىكى ئەڭ تەشۋىشلىك ھالەتكە قايتۇرۇپ بېقىڭ. بۇنداق بولغاندا، سىز غەم ـ ئەندىشىلىرىڭىزگە ئوخشىمىغان ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلالايسىز. ئالدىنقىسى تېخىمۇ تەس ئىدى. ئەمما سىز يەنىلا ھەل قىلىپ كەتكەن. شۇڭا نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىق تېخىمۇ ئۇڭاي ھەل بولىدۇ. مۇبادا سىز بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتسىڭىزلا، ئۇھالدا، ھازىرقى مەسىلىمۇ ئۇنچىلىك ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولماي قالىدۇ.

سىز تۇرمۇشقا پاسسىپ مۇئامىلە قىلغان ۋاقتىڭىزدا، دىلغۇللۇق

ئاسانلا سىزدىن غالىپ كېلىدۇ، سىزنى ئىرماش-چىرماش خىياللارغا سالىدۇ، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئەپچىل چارىسى بولسا، ئۆزىڭىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىشتۇر.

«ئەرزىمەس ئىشلار ئاقىل ئىنساننى مەجنۇنلۇق گىردابىغا ئاپىرىپ قۇيۇشى مۇمكىن.»

«هايات دىمەك ـ مىنۇت،سكۇنت دىمەكتۇر .»

**4**

## ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت سائادەتنىڭ سىرى

ھەرقانداق بىر ساھەدىكى تالانت ئىگىسى، ئۆز كەسپىگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان.

مەيلى ئۇ خىزمەت بېسىمىدىن قاخشىسۇن، قانچىلىك ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىسۇن، مائاشى ئاز بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆكىنىشى بۇلسۇن، يۇقىرى مائاشلىق يېڭى بىر خىزمەتنىڭ بولىشنى ئۇمىد قىلسۇن، بىراق، يەنىلا ئۇ ياخشى كۆرگەن كەسپ ئۇنىڭغا رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ. ئۇ، بۇ كەسپ ئېلىپ كەلگەن غۇربەتچىلىككە پەرۋا قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تالانتىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

«ئەرلەر ئاياللارنىڭ بىر ئېغىز گېپىدىن بەخت تاپىدۇ.»

«ئۇ ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدۇ.» (26: 80)

## 5

## قۇۋۋەت تەندە ئەمەس، روھتا

بىر بەختسىز ناسارا ئايال تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، ئاچلىق ۋە كېسەللىكنىڭ تەمىنى راسا تېتىدى. ئۇنىڭ ئېرى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. ئىككىنچى ئېرىمۇ ئۇنى تاشلاپ باشقا بىر ئايال بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئەمما نامراتلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن تۆت ياشلىق ئوغلىنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى يۈز بەردى. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت تېيىلىپ، توڭلىغان يەر ئۈستىگە يېقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى يارىلىنىپ، خېلى ئۇزۇن ھوشسىز ياتتى. دوختۇرلار ئۇ يا تىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا ئۆمۈر بويى پالەچ بۇپقالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ئۇ دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارۋىتىدا يېتىۋاتقاندا «مۇقەددەس كىتاب» نى ئېچىپ، مەتا ئىنجىلىدىن مۇنۇلارنى ئۇقۇدى:

«كىشىلەر بىر پالەچ ئادەمنى ئۇ(ئىيسا ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.ھېلقى ئادەم بورا ئۈستىدە ياتاتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە ‹ئورنۇڭدىن تۇر،بوراڭنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە قايت › دېدى. ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كەتتى.»

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىشەنچ ئاتا قىلدى ۋە ئۇنىڭ كارۋاتتىن

تۇرۇپ، ئۆي ئچىدە مېڭىشقا ئىلھام بولدى.

بۇ تەجرىبە بۇ مېيىپ خانىمنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى داۋالىشقا يول ئېچىپ بەردى.

دالې گارنېك مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ قېتىملىق تەجرىبە ماري.بىيكر ئېيدىنى يېڭى دىن* تەرغىباتچىسىغا ئايلاندۇردى. بەلكىم بۇ ئايال زاتى بەرپا قىلغان بىردىنبىر دىن بولسا كېرەك.»

ئەي مۇسۇلمان ئايالار سىلەر نېمىنى قىلدىڭلار؟!

«سالىھە ئايال ئەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى.»

* بۇ «يېڭى دىن» نى ئالقىشلىغانلىق ئەمەس، ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن يېڭى ۋەھى ۋە پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئاپتور بۇ يەردە بۇ ئايالنىڭ قىيىنچىلىقتا يۈزلىنىش ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بىرىش روھىنى ماختاۋاتىدۇ.

«قانائەت مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بايلىق.»

## 6

## مۇسىبەت زىندانىنى شاتلىق بوستانىغا ئايلاندۇرغان ئۇلۇغ ئايال

ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيىم بىر ئۇلۇغ ئايال ساھابە، ئۇ يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان كىشلەر ئۈچۈن سەۋرىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلەپ، ئاللاھنىڭ كاتتا تۇلۇقلىمىسىغا نائىل بولدى.

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھەنىڭ بىر ئوغلى ئاغرىپ قېلىپ، ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ئۆلۈپ قاپتۇ.ئەبۇ تەلھە قايتىپ كېلىپ «ئوغلۇم قانداقراق؟» دەپ سورىسا، بالىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيىم«ئۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى بوپكەتتى» دەپ قۇيۇپ كەچلىك تاماق راسلاپتۇ .غىزادىن كېيىن ئەبۇ تەلھە ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بوپتۇ. ئىشتىن كېيىن ئۇممۇ سۇلەيىم«بالىنى دەپنى قىلىۋېتىڭلار» دەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كېچىدە بىر تۆشەكتە بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ تەلھە «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ئى ئاللاھ ! ئۇ ئىككىسىگە بەركەت ئاتا قىلغىن » دەپ دۇئا قىلدى.كېيىن ئۇممۇ سۇلەيىم بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەبۇ تەلھە ماڭا « بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن » دەپ، بىر نەچچە تال خورما بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىر نەرسە ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟» دېۋىدى. مەن «ھەئە، بىر نەچچە تال خورما بار» دېدىم. پەيغەمبەر

**ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى چاينىغاندىن كيىن، ئاغزىدىن چىقىرىپ، بۇۋاقنى ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى.**

**« ئىپپەتتەك ئايالىلارنىڭ قەدرىنى يۇقۇرى كۆتۈرىدىغان نەرسە يوق.»**

«چۇقۇم ئاتىدىغان تاڭ بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن.»

7

## ئۇتۇق قازانماقچى بولسىڭىز سەۋر قىلىڭ

رىۋايەت قىلىنىشچە، ھارىسەنىڭ ئانىسى ئۇممۇ رەبىئ بەدرى غازىتىدا شەھىد بولغان ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ ۋە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ماڭا ھارىسە توغۇرلۇق خەۋەر بەرسلە، ناۋادا ئۇ جەننەتتە بولسا، مەن سەۋر قىلاي، بولمىسا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەن. ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەي ھارىسەنىڭ ئانىسى، جەننەتتە نۇرغۇن باغچىلار بار، سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەڭ ئالى فىردەۋىس باغچىسىدا. ـ دەيدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش كىشى قەلبىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغان ئىش. بۇ ئايال پەيغەمبەرگە ئېيتتى: مۇبادا ئۇنىڭ ئوغلى جەننەتتە بولسا ئاللاھ خالىسا ئۇنى چۇقۇم كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن جۇدالىق ئازابىنى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالنىڭ جەننەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ، ئەمما ئەكسىچە بولغاندا ئۇ يىغلايدۇ، خۇددى ئەزىزىنى مەڭگۈلۈك يۇقۇتۇپ قويغان كىشىگە ئوخشاش دەرتلىك يىغلايدۇ. ئۇنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەتلا مۇشۇ.

ئۇ قەلبى مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان ئانا ئىدى، گەرچە بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا سەۋرىنى تاللاپ، ھەممىگە قادىر

ئاللاھتىن ساۋاپ تىلىدى.

«مۇبادا چىرايلىق ئايال بىر گۆھەر بولسا، ئۇنداقتا دىيانەتلىك ئايال بىر خەزىنىدۇر.»

«ئايال گۆيا مەڭگۈ پاتماس قۇياش.»

8

## مۇشكۇلاتتا قالغاندا، ئاللاھتىن ئۆزگە پاناھگاھ يوق

ئاپەت كېلىپ، غەم باسقاندا، يار ـ يۆلەكسىز قېلىپ، چىقىش يولى تاپالمىغاندا ئۇ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ نىدا قىلدى:«ئى پەرۋەردىگارىم، ئى ئۇلۇغ رەببىم! سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوق، سەن ئۇلۇغدۇرسەن، ھەممىگە قادىرسەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھسەن! سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ بىر زات يوقتۇر، ئەرشىنىڭ ئىگىسىدۇرسەن، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوقتۇر، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئىگىسىدۇرسەن! سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوقتۇر.». شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قايغۇسى يوقالدى، ئازابى تۈگىدى.

«ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق. شۇنىڭدەك مۆئمىنلەرنى ئېغىرچىلىقتىن خالاس تاپقۇزىمىز.» (21: 88)

«سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن، سىلەرگە بىرەر قىيىنچىلىق يەتسە، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر.» (16: 53)

كېسەل ئېغىرلاپ، تەن ئاجىزلاشقاندا، چىراي سارغىيىپ، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلغاندا، ئۈمىدسىزلىك ھەممە جاينى قاپلاپ، ھەتتا دوختۇرلارمۇ ئامالسىز قول قۇۋۇشتۇرۇپ تۇرغاندا بىمارنىڭ قوللىرى

تىترەيدۇ، يۈرىكى ئاغدۇ ـ دە، ھەممىگە قادىر ئاللاھقا بۇرۇلۇپ: «يا ئاللاھ! يا ئاللاھ!»دەپ نىدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، كېسىلى شىپا تاپىدۇ.

«ئەييۇبنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: ھەقىقەتەن مېنى بالا(يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى. سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن، دەپ دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە قىلدۇق» (21: 83 ـ 84)

«ئەرنىڭ ئىلكىدىكى ئەڭ ئېسىل بايلىق ـ ۋاپادار ئايال.»

«ئايالالار خۇددى ئەينەك شېشىگە ئوخشاش ئاسان سۇنىدۇ، ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسراش كېرەك.»

## 9

دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھ، ئاشۇ ساختا ئىلاھلاردىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

ياراتقۇچى ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئۈمد باغلىغان كىشىلەرنى ئۈمۈدسىز قالدۇرمايدۇ. ئۆزىگە نالە قىلغان كىشىلەرگە بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئاللاھ ھەر كىمنىڭ ھاجىتى ۋە ئىخلاسىغا بېقىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى بىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە،ئاللاھ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىدىن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ تىلىكىنىمۇ ئىجابەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۈمۈدسىزلىك ئىچىدە ئاللاھقا يۈزلىنىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ۋە سېخىيلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلغانلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلاردىن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنى قىزغىن سۆيگۈزىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار ئىمان ئېيتىپ قالار. ئەمما بەزى ئىنسانلارمۇ باركى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە تۇزكورلۇق قىلىدۇ. قۇدرەتلىك ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان ) چاغلىرىدا،ئاللاھقا كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا،(بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھنى ئۇنتۇپ)،

ناگاھان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ»   (29: 65)

ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى:

ئۇ ئازاب ـ ئۇقۇبەت تارتقۇچىلارنىڭ نىداسىنى ئىجابەت قىلىدىغان بىردىنبىر زاتتۇر. بۇ ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنىڭ ئالامىتى ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بىراق ئىنسانلار بۇنى ناھايىتى ئازغىنە چۈشۈنىدۇ.

«بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟سىلەر ئازغىنە ۋەز نەسىھەت ئالىسىلەر.» (27: 62)

«ئايالللار ئۆيدە تۇرمىقى لازىم، چۈنكى ئۇلار ئاسانلا چېقىلىپ كېتىدىغان لوڭقىغا ئوخشايدۇ.»

«باشقىلارغا ئازار بېرىپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭ، چۈنكى ئۇ مەغلۇبىيەتنىڭ بىشارىتى.»

## 10

## بېخىل ئىنسان بېخىللىقنىڭ زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ

بىر تەسىرلىك ھېكايەت بىزگە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ بەنىن ۋە ئۇنىڭ سېخىيلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئاياللارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، چىرايلىق كىيىملەرنى ۋە پۇل ـ ماللارنى ھەدىيە قىلاتتى ـ دە «كىيىملەر سىلەرنىڭ، پۇللارنى ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىڭلار،» دەيتتى. ئۇممۇ بەنىن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا خىراجەت قىلىشنى ۋە سېخىيلىققا ئادەتلىنىشنى ئۆگەتمەكچى بولاتتى.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دەيتتى:«بېخىللىق ھەققەتەن نومۇس، ئەگەر ئۇ بىر كىيىم بولغان بولسا،مەن ئۇنى ھەرگىز كىيمەيتتتىم،ئەگەر ئۇ بىر يول بولغان بولسا، مەن ھەرگىزئۇنىڭغا قەدەم باسمايتتىم.»

سېخىيلىق توغرىسىدا ئۇ يەنە شۇنداق دەيتتى:«ھەر بىر ئىنسان تۇغۇلىشىدىن مەلۇم نەرسىگە ھەۋەس قىلىدۇ، مەن سېخىيلىققا ھەۋەس قىلىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، باشقىلارنى تەمىنلەش، باشقىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش مېنىڭ نەزىرىمدە، ئاچ قالغاندا مىزىلىك تائام يېيىشتىن، ئۇسسىغاندا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشتىن بەكرەك خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر.»

شۇنداق، چۈنكى ئۇ ھەق يولدا خەجلىۋېلىشقا، ئىمكان بار كىشىلەرگە

ئېھسان قىلىۋېلىشقا تەشنا ئىدى. ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى ئۇ مۇنداق دەيتتى: «مەن خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلاردىن باشقا ھېچكىمگە ھەسەت قىلىپ باقمىدىم، چۈنكى مېنىڭ ئۇلار بىلەن ساۋابتىن تەڭ بەھرىمەن بولغۇم كېلىدۇ.»

مانا بۇ ئۇممۇ بەنىن ،مانا بۇ ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى. ھازىر، ئۇنىڭدەك مۇسۇلمان ئاياللار نەدە؟.

«پەقەت شەخسىيەتچىلىكنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

# ئون تۆتىنجى باب

## « ئايال ــ خۇشپۇراق گۈل، خۇشناۋا بۇلبۇل.»

« پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ.» (39: 10)

## 1

## سىز نە شەرققە نە غەربكە مەنسۇپ ئەمەس، سىز دېگەن مۇسۇلمان ئايال

مۇنۇ گىرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئايالنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: « غەرب ئىدىيەلىرى ۋە مودىلىرىغا ئالدانماڭلار، ئۇ دېگەن بىر قىلتاق، ئۇلار بايلىقىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن بىزنى ئىمانىمىزدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتۇرماقچى خالاس.»

ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تۈزۈملىرى ئاياللارغا باب كېلىدۇ، چۈنكى ئاياللار تەبىئىتىدىن ئۆيدە تۇرۇشنى ياقتۇرىدۇ. بەلكىم نىمىشقا دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئەرلەرنى ئاياللاردىن كۈچلۈك، قاۋۇل، چىدامىلىق ۋە پەملىك قىلىپ ياراتتى؛ ئاياللارنى بولسا ھېسسىياتچان، تۇيغۇغا باي قىلىپ ياراتتى، ئەمما ئاياللار ئەرلەردەك قاۋۇل تەنگە ئىگە ئەمەس. مەلۇم جەھەتتىن، ئاياللارنىڭ كەيپىياتى ئەرلەرگە قارىغاندا تولا ئۆزگىرىدۇ. ئائىلە يەنىلا ئۇلار ئارامىلىق تاپىدىغان جاي. ئېرى ۋە بالىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال سەۋەبسىز ئۆيىدىن چىقىپ، يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمەيدۇ.

غەربتىكى كۆپ قىسىم ئاياللار ئۆزلىرىنى ساتتى، قەلبلىرىدە ئاللاھتىن ھېيىقمىدى، ئاقىۋەت ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. غەرب دۇنياسىدا ئاياللارنىڭ بۇ قەدەر سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىشقا ئېلىپ باردى، ئەرلەر ئائىلىدە قاچا يۇدى، بالا باقتى. مەن بىلمەن، ئىسلام ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشىنى چەكلىمەيدۇ، بەلكى ئەرلەرنى

مۇشۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ رول ئالماشىپ قالغۇدەك چەكتە ئەمەس.

« روھى گۈزەللىكنى ساقلاڭ، شۇندىلا دۇنيانىڭ گۈزەللىكنى كۆرەلەيسىز.»

« سىنى بىز ئاسان يولغا مۇۋەپپەق قىلىمىز.» (8 :87)

## 2

## غەم ـ غۇسسىنى ئۇنتۇپ، بېرىلىپ ئىشلەڭ

مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىكىنى قىلغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا زېھنىڭىزنى باشقا بىر قىزىقىشقا بۇراڭ، كىتاب ئوقۇڭ ياكى بىر ئىش قىلىڭ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىڭىزنى ئالدىراش تۇتۇش سىزنىڭ غەم ـ ئەندىشىڭىزنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. « ئاللاھ ھېچكىمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق.» (4 :33) مەسىلەن: بىر بالا كىسەل بولۇپ قالدى دەيلى، ئاتا ـ ئانا پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋالاتقاندىن كېيىن، قالغان ۋاقتنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ، زىيادە ئەنسىرەشنىڭ پايدىسى يوق.

سىز نۆۋەتتىكى مەسىلىگە يولۇققاندا ئۆتمۈشتە يەڭگەن قىيىنچىلىقلارنى ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ باقسىڭىز بولىدۇ، بولۇپمۇ ھازىر دۇچ كەلگىنىڭىزدىن ئېغىر مەسىلىلەرنى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھەل قىلىشىڭىزغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكىنى ئەسلەڭ، مۇبادا سىز ئۆتمۈشنى ئەسلىيەلىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇگۈنكى مەسىلىنىڭمۇ كونا مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھەم ھەل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز، ئىنشائاللاھ.

مەسىلىڭىز ئۈچۈن بىر ئىجابى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئىزدەڭ. ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى ئاپەتكە ئۇچرىسا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلسۇن، ساۋابنى ئويلىسۇن، تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلسۇن. ئۇ ھالدا، ئۇ ئاپەتنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چوڭ ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ناۋادا

بالا ـ قازا دەھشەتلىك بولمسا ئىدى، كىشلەر ئازادە، راھەتلىك زامانلارنى ئۆمىد قىلماس ئىدى.»

« دانىشمەنلەردىن بىرى شۇنداق دېگەن ئىكەن، مەن ئەزەلدىن سۆزلىمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم. ئەمما سۆزلىگىنىم ئۈچۈن تولا پۇشايمان قىلدىم.»

« پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى ھەق يولدىن بۇرىۋەتمىگىن.» (3: 8)

## 3

## بەخت تېپىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم نوقتىلار

1 ـ چۈەر، ئىقتىسادچىل بولۇڭ، چىقمى تولا ئادەم مەڭگۈ قانائەت قىلمايدۇ، بەلكى تاماخورلۇق ۋە ھېرىسمەنلىكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈەر ھەم تېجەشلىك بولۇش ــ قانائەتنىڭ ئاساسى. « تەدبىرــ تۇرمۇشنىڭ يېرىمى » دىگەن گەپ بار.

2 ـ كەلگۈسى ئۈچۈن ئارتۇق غەم يىمەڭ، زېھنىڭىزنى قىسقا مەزگىللىك نىشانغا يىغىشقا ئۇرۇنۇڭ، پىشانىڭىزگە پۈتۈلگەننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ.

3 ـ ئۇلۇغ ئاللاھتىن قورقۇڭ. ئاللاھ دەيدۇ: « كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بېرىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا ئۇ ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ.» (65: 2 ـ 3)

4 ـ بىلىڭكى، قانائەت ئىززەت ـ ئابرويىڭىزنى ساقلايدۇ، ئاچكۆزلۈك ۋە تاماخورلۇق بولسا ئار ـ نومۇسقا قويىدۇ.

5 ـ پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ پاك ھاياتى ئۈستىدە ئويلىنىڭ، ئۇلار شۇنچىلىك قانائەتچان ۋە كەمتەر، ياخشى ئىشلارغا شۇ قەدەر تەشنا ئىدى، شۇلارنى ئۈلگە قىلىڭ.

6 ـ ماددى جەھەتتە سىزگە يەتمەيدىغان كىشىلەرگە قاراڭ.

« ئەقىللىق كىشى دانا پىكىردىن مەنپەئەت ئالىدۇ، ھەزگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئويلاش بىلەن ئۇرۇنۇشتىن ۋازكەچمەيدۇ.»

« ئاللاھ مۆئمىنلەرنى چۈقۇم قوغدايدۇ.» (22: 38)

# 4

## ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىڭىزنى كۈچەيتىڭ

ئىمانلىق كىشى ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك دۇنيادا ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نازۇ-نېئمەتلەرگە تولغان بولۇش-بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس، چۈنكى ئېسىل تۇرمۇش بۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشىمۇ ھەم ئالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كەڭ-تاشا مال-دۇنيادىن سىرت ھاياتتا ئادەمنى بەختلىك قىلىدىغان كۆپ ئىشلار بار. مەسىلەن: ئاللاھقا يېقىندىن باغلىنىش، ئۇنىڭغا تايىنىش، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رازىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش، ساغلاملىق، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، خۇشاللىق، ئائىلىدىن رازى بولۇش، باشقىلارنىڭ دوسلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش، ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ھۇزۇرى ۋە ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھاياتى ۋە روھىغا قىلىدىغان تەسىرى...قاتارلىقلار.

پۇل-مال پەقەتلا بىر ئامىل، پەقەت ئازراق بولسىلا يېتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، زېھنىنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ تازا، تېخىمۇ ئەبەدى بولغان ئىشلارغا يىغقىلى بولىدۇ.

« ئۆزگەرمەس بىر قانۇنىيەت: ئۇلۇغلاردا ئانىلىرىنىڭ ئۇدۇمى بار.»

« بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.» (35 :37)

## 5

## ئاللاھقا ئىشەنگەن ئىنساندىن بەختلىك ئىنسان يوق

مەن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان بايلار، كاتتىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ تولىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت،ۋە خار ـ زەبۇنلۇق بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار ھازىر نەدە؟ ئۇلارنىڭ يىغقان مال ـ دۇنيالىرى قېنى؟ ئۇلار تۇرغان ئېگىز قەسىرلەر نەدە؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقالدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدى، بەزىسى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. بەزىسى تۈرمىگە سولاندى. يەنە بەزىسى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى، پەسكەش ئويۇنلىرى ۋە باشقىلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ، سوت مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار ئەڭ بەختسىز كىشىلەرگە ئايلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ــ بەختنى، مۇھەببەتنى، ساغلاملىقنى ۋە ياشلىقنى سېتىۋالايدۇ، دەپ قارىغاندى. ئەمما ھەقىقى بەخت، ھەقىقى مۇھەببەت، مۇكەممەل ساغلاملىق ۋە ياشلىقنىڭ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاشتى. بەلكىم ئۇلار بازارلاردا خىيالى بەخت، ساختا مۇھەببەت ۋە ساغلاملىقنى سېتىۋالىشى مۇمكىن. ئەمما دۇنيادىكى بارچە پۇل ـ مال بىلەنمۇ مېھر ـ مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق بېرىدىغان بىر تال يۈرەكنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئاللاھقا ئىشەنگەنلەردىن بەختلىك ئىنسان يوق، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن نۇرغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغاننى قىلىدۇ، ئاللاھ توسقاندىن يانىدۇ. « قۇرئان » دا ئۇلارنىڭ قانداق تەسۋىرلەنگەنلىكىگە قاراڭ:

« ياخشى ئىش قىلغان ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنى بىز چوقۇم ياخشى هايات كەچۈرگۈزىمىز. بىز چوقۇم ئۇلار قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۇلارنى مۇكاپاتلايمىز.» (16: 97)

« خۇشاللىقنى خالىمايدىغان كىشى خۇشال بولمايدۇ.»

« ھەر ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمى بىلەن بولىدۇ.»

## 6

## چۋەر تۇرمۇش

سالىھە مۇسۇلمان ئايال ئېھتىياجىغا چۇشلۇق تائام راسلايدۇ، ئىسراپچىلىق ۋە تەدبىرسىزلىك تۇپەيلى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئائىشە مۇنداق دېگەن: « ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ داستىخانىدا ئازدۇر-كۆپتۇر نان ئېشىپ قالمايتتى.» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: « مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىدىن غىزا ئېشىپ قالغان داستىخاننى يىغىپ باقمىدىم.»

ئىسلام دىنى چەكلىگەن، ئىسراپچىلىق دەپ قارالغان ئىشلارنىڭ بىرى ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا يەپ-ئىچىشتۇر. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇنداق دېگەن: « كۈمۈش قاچىدا ئىچكەن كىشى دوزاخنىڭ ئوتىنى يۇتقاندەك بولىدۇ.» مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە: « ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا يەپ-ئىچكەن كىشى قورسىقىغا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى يىگەن بولىدۇ.» دېيىلگەن.

ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىشىنىڭ كەينىگە دانالىق يوشۇرۇنغان، چۈنكى بۇخىل ھەشەمەتلىك بۇيۇملار ھوزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئالامىتى، ئىسلام مۇئمىنلەردىن ئاددى-ساددا بولۇپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن يىراق تۇرۇشنى ئىستەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: « ھوزۇر-ھالاۋەتتىن ئاگاھ بول، چۈنكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھوزۇر-ھالاۋەت سۈرگۈچىلەر ئەمەس.»

«كۆڭۈلدىكى دەرتنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ئاندىن خۇشال بولىسىز.»

« تەنلەرگە پەرۋا قىلماڭ.»

## 7

## ياخشى ئىش كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

« بىر نامرات ئايال ئىككى قىزىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خورما بەردىم. ئانا ھېلىقى خورمىنى ئاغزىغا سېلىشىغا قىزلىرى يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ خورمىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى قىزىغا بىردىن بەردى. مەن ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئېيتىۋىدىم. ئۇ « ئاللاھ شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلدى ياكى ئۇنى دوزاختىن ئازات قىلدى.» دېدى.

ئۇممۇ سەلەمە ئۆز ئوغۇللىرىغا چىقىم قىلىش توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن سوراپ دېدى: « مۇبادا مەن ئەبۇ سەلەمە (ئۇنىڭ ئېرى) نىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن چىقىم قىلسام، ساۋابقا ئېرىشەلەمدىمەن؟ ئۇلار مېنىڭ ئوغۇللىرىم، مەن ئىمىلا بولمىسۇن ئۇلارغا ئېتىبارسىز قارىيالمايمەن.» ئۇ پەيغەمبەر جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئېتىبارسىز قارىيالمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. دېمەك ئۇنىڭ فىترىتى ( تەبىئىتى، تۇغما ئېڭى ) پەيغەمبەرنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىدىن ئىلگىرى جاۋاب بەردى.

ئىسلام ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزۈشكە، جەمىيەتكە خەير ـ خاھلىق، مېھر ـ مۇھەببەت سىڭدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا باللار ساغلام، سالىھ ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

«زوقلىنىڭ، مانا بۇ ھەقىقى بەختتۇر.»

«ئايال ــ خۇش پۇراق گۇل، خۇش ناۋا بۇلبۇل.»

## 8

## ئاللاھ بىزنى بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ

ئايروپىلان ئېگىز بوشلۇقتا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا لەيلەپ ئۇچۇۋاتاتتى، تۇساتتىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردىن كاشىلا چىقتى. ئۇچقۇچىلار ۋە يولۇچىلار قورقۇپ كەتتى، ئەرلەر يىغلايتتى، ئاياللار چىرقىرايتتى، بالىلار ھودۇقۇپ قالغانىدى، ۋەھىمە تارىماقتا. ئۇلار ئاللاھقا يېلىنىپ نالە قىلىشقا باشلىدى: «يا ئاللاھ! يا ئاللاھ...» شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رەھمىتىنى ۋە شەپقىتىنى ياغدۇردى، ئايروپىلان بىخەتەر قوندى، كىشىلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا تىنجىدى.

ھامىلە ئورنىنىڭ نورمالسىزلىقى تۇغۇتنى تەسلەشتۈردى، ئانا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ئاللاھقا ــ خاپىلىقلارنى يوقاتقۇچى، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى خۇداغا يۈزلەندى. ئۇ يىغلىدى: «يا ئاللاھ! يا ئاللاھ.......» شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خاپىلىقى تۈگىدى، بالىسى ئۇچۇشلۇق دۇنياغا كەلدى.

ئالىم قىيىن مەسىلىگە يولۇقتى، توغرا يىشىم ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن نىدا قىلدى: «يا ئاللاھ! يا ئاللاھ! ئىبراھىمغا ئۆگەتكەن ئاللاھ، سۇلايمانغا چۈشەندۈرگەن ئاللاھ، مېنىڭ چۈشۈنۈشۈمگە مەدەت بەر، يا ئاللاھ! جىبرائىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسراپىلنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! ئاسمان ـ زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، غەيبنى ۋە نەقنى بىلگۈچى ئاللاھ! سەن بەندىلىرىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارغا كېسىم چىقىرىسەن، مېنى ھەقىقەتكە ئېرىشىشكە نىسىپ قىلغىن، سەن ئۆزۈڭ خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايسەن.» شۇنىڭ بىلەن ئىلھام

كەلدى، تۇسالغۇ يۇقالدى. شان ـ شەرەپ ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىدېگەن مېھرىبان ـ ھە!

« ئەڭ خۇشال كىشى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى خۇشال قىلغان كىشىدۇر.»

«ئايالارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار». (ھەدىس)

## 9

## غەپلەت باسمىسۇن

بىخۇدلۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭ، ئۇلۇغ ئاللاھنى ئەسلەشكە بىپەرۋالىق قىلماڭ، نامازدىن، قۇرئاندىن غاپىل بولماڭ، پايدىلىق دەرس، لىكسىيەلەرنى قولدىن بەرمەڭ. مانا بۇلار غاپىللىققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەردۇر. ئۇلار قەلبنى قاتتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا قەلبنى پىچەتلىۋېتىدۇ، ئىنساننى مەڭگۈ ياخشى-ياماننى ئايرىيالماس، مەڭگۈ ئاللاھنىڭ دىنىنى چۈشەنمەس؛ ئۇدا باغرى تاشلىق، گاڭگىراش، بەختسىزلىك بىلەن ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ. مانا بۇلار غاپىللىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاقىۋىتى، ئۇنداقتا ئۇ دۇنيادىچۇ؟!

شۇڭلاشقا، يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان خاپىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشلاردىن قەتئىي نېرى تۇرۇڭ. ئاللاھتىن قورقۇڭ، تىلىڭىز ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ھۆل تۇرسۇن. شان-شەرەپ، مەدھىيەلەر ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھتىن ئۆزگە ئىبادەتكە لايىق زات يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، بارچە ماختاش ئاللاھقا خاستۇر. ئەپۇ تىلەڭ، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ دائىم دۇرۇت ئېيتىڭ، شۇندىلا قەلبىڭىزنىڭ بەختكە چۆمگەنلىكىنى بايقايسىز. بۇ مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ نەتىجىسى.

« ھەقىقەتەن دىللار ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ.» (28 :13)

« خۇشال بولغاندا كۈلەي دېمەي، كۈلۈپ تۇرۇپ خۇشاللىق ئىزدەڭ.»

«شاتلىق تىلەك، ھەسرەت تىلىمەك.»

## 10

## ھاياتقا كۈلۈپ بېقىڭ

قەلبىڭىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۈلۈپ باققىنىڭىزدا دەرت ـ ئەلەملەر يەڭگىللەپ، چىقىش يولى تېپىلىدۇ. كۈلۈپ بېقىڭ، قايغۇرماڭ، چۈنكى ۋۇجۇدىڭىزدا بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن تولغان كۈچ ـ ئېنېرگىيە بار. ئۇنى باسماڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئازاب تۇپەيلى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىسىز. گەرچە بىراۋلارغا قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئەڭ سۇرلۇك ئىشنى سۆزلەۋاتقاندىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭ سىزگە زىيىنى يوق. بىز كۈلۈپ تۇرۇپ پاراڭلاشقان چاغ نېمىدىگەن گۈزەل ـ ھە!

ستىفان جەزال: «تەبەسسۇم ـــ بىرخىل ئىجتىمائى بۇرچ»، دېگەن، ئۇ توغرا دەيدۇ. چۈنكى سىز مۇبادا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنى بىلىڭكى، ئىجتىمائى تۇرمۇش سىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىك مۇناسىۋەت يوللىرىنى پىششىق بىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، تەبەسسۇم شۇلارنىڭ بىرى. بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىجمائى ھادىسە. سىز باشقىلارغا كۈلۈمسىرىگىنىڭىزدە ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە خۇشال كەيپىياتتىن بەھرىلىنىسىز، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى خۇش خەۋەر بېرىسىز. ئەمما، مۇبادا سىز باشقىلارغا مۇزلۇق چىراي بىلەن يۈزلەنسىڭىز چوقۇم ئۇلارنى ئازابلاپ قويىسىز، بىئارام قىلىسىز. سىز قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبېتىنىڭ سەۋەبىگە ئايلىنىپ قالىسىز؟

« شەرەپ پەقەت شەرەپ چۆشەيدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.»

# خاتىمە

ئەمدى...

سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يېپيېڭى لىكىن بەختلىك هاياتنى، باشقا لىكىن گۈزەل كۈنلەرنى: ئارىسالدىلىق، ئەنسىزلىك، غەلغەشلىك بولمىغان هاياتنى: مالاللىق، زېرىكىش، سىقىلىش بولمىغان كۈنلەرنى باشلاش ئۈچۈن، قايغۇ بىلەن خوشلىشىڭ، غەمنى تەرك ئېتىڭ، مۇشەققەت مەنزىللىرىدىن ئايرىلىڭ، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك چىدىرلىرىدىن كۆچۈپ كېتىڭ، ئىمانىڭ مېهرابىغا، ئاللاھ بىلەن ئۈلپەتلىشىش كەئبەسىگە، ئاللاھنىڭ قازا ـ قەدەرىگە رازى بولۇش ماقامىغا كېلىڭ. شۇ چاغدا، ئىمانىڭ چاقىرغۇچىسى ئۈمىد تېغىدىن، رازىلىق ۋادىسىدىن خۇش ـ بىشارەت بەرمەك ئۈچۈن سىزگە ندا قىلىدۇ: «سىز دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال».